نىياز ئىمىن قۇربانى

# ئۇنتۇلغان سۆيگۈ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق

# ئۇنتۇلغان سۆيگۈ

ISBN 978-7-5373-1627-9
9 787537 316279 >

ISBN978-7-5373-1627-9
（民文）定价：10.00 元

نىياز ئىمىن قۇربانى

# ئۇنتۇلغان سۆيگۈ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

爱的音符：维吾尔文/尼亚孜·依明著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.9
ISBN 978—7—5373—1627—9

Ⅰ.爱… Ⅱ.尼… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 143736 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

# 爱的音符

尼亚孜·依明 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 5 印张 1 插页
2008 年 9 月第 1 版 2008 年 9 月第 1 次印刷
印数：1 — 3080 定价：10.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

# ئۇنتۇلغان سۆيگۈ

ئاپتورى: نىياز ئىمىن قۇربانى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230مم 1/32،
باسما تاۋىقى: 5 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3080 — 1

---

ISBN 978—7—5373—1627—9
باھاسى: 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا ........ 1
بېغىم (مۇخەممەس) ........ 3
كۆكئېرىق ناخشىسى ........ 5
پارچىلار ........ 6
شائىرلىق ئىشقى ........ 9
تۇيۇقلار ........ 10
ناخشا تېكىستلىرى ........ 12
ئەزىز يۇرتۇم ........ 12
خەندان ئۇرۇپ سايرايمەن ........ 13
جان ئانا ........ 13
باقىي ئەمەس دۇنياغا ئادەم ........ 14
ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ ........ 15
گۇل بولسام سۆيەتتىڭمۇ ........ 15
ناخشىچىغا ........ 16
يەتكىن دەردۇھالىمغا ........ 17
كۆيدۈم ........ 18
نۇر قويىندا ئۇرۇمچى ........ 19
نۇر چاقنايدۇ چېھرىڭدىن ........ 19
زەڭگەر كۆز ........ 20
قەشقەر قىزى ........ 20
ئاي جامالىڭ چىقماس ئېسىمدىن ........ 21
مېھرىڭ ئۇتمۇ-يالقۇنمۇ؟ ........ 22
بەشكېرەم (سېكىل) ........ 24

سۆيگۈ رىشتى …… 28
سەبىيلەر ناخشىسى …… 29
سۆيىمىز ئىلىم - پەننى …… 29
ئانا تىلىم …… 30
دادام ناۋاي مېنىڭكى …… 30
تاپانچام بار مېنىڭكى …… 31
لەگلىكىم …… 32
تۇمەن دەرياسى …… 32
دادامغا …… 33
خىيال بىلەن ئۆتەر كۈنۈم …… 35
غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس …… 36
تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تۆكۈلگەن جاي …… 38
ئالدانغان سۆيگۈ …… 40
سەھرا نەزمىلىرى (سېكىل) …… 42
مەجنۇنتال چېھرىدە ئوينار تەبەسسۇم …… 47
ئاتەش پىراقلار …… 49
ئەنجۈرلۈك باغ چىقماس ئېسىمدىن …… 49
سەلكىن شامال چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە …… 49
كۆيمەي دېسەم كۆيدۈردۈڭ مېنى …… 50
مەن سېغىنسام سېنى ئەي نىگار …… 50
ئوتۇڭ تۇتۇپ قالدىمۇيا، بىلمىدىم …… 51
مېنى «ساراڭ» دېمىگىن جانان …… 51
ئەي نىگار ۋەسلىڭگە يېتىمەن قاچان …… 52
ئۇنتۇلغان سۆيگۈ …… 53
يەر تېگىدىن باقمىغىن جانان …… 53
بىز ئويىندۇق مۆكىمۆكىلەڭ …… 54
شەيدا بولۇپ ئوتلۇق مېھرىڭگە …… 55
پىراقىڭدا كۆيدۈم كۈل بولۇپ …… 55
جامالىڭنى كۆرۈپ خىيالەن …… 56

سىھىرلىك مۇھەببەت ........................................ 57
سۆيگۈ تۇمارى................................................ 58
سەن يىگانە، تەنھا بىر پەرى ................................ 58
تىل ۋە دىلىڭ بولغاندا ئوخشاش ............................ 60
سۆيگۈ قەسىدىسى ............................................ 61
شائىرغا (مۇسەللەس) ........................................ 63
قۇتلۇقنامە ..................................................... 65
سەن بىز ئۈچۈن تەۋەررۇك ئىنسان .......................... 65
قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز...................................... 66
شان - شۆھرىتىڭ كۆيلەندى كۈي - نەزمىدە ............... 67
كۆلدى ئارمان يۈرەك قېتىدىن .............................. 68
يەنە تاپ شانۇشەۋكەتنى ..................................... 69
ساۋاقداشلىق رىشتى .......................................... 70
مېھرىڭ ئىسسىق يۈرتكەنسەن خوتەن (سېكىل) ................ 72
يوپۇرغا سەن سۆيۈملۈك ماكان (سېكىل) ....................... 78
غەزەللەر ...................................................... 82
تەخمىسلەر ..................................................... 86
رۇبائىيلار ..................................................... 124
يالقۇنلۇق خىتاب (باللادا) ................................... 136
نۇرلۇق سىيما (باللادا) ....................................... 140
ئويتاغ سۈرەتلىرى (داستان) ................................. 143



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا

خانتەڭرى ئوغلىمەن، ئەجدادلار نەسلى،
شۇ سەۋەب مەردانە ياشايمەن ئويغاق.
يىلىنىپ ئۆزگىگە ئەگمەيمەن بويۇن،
چۈشىنمۇ بىشىمغا دەھشەتلىك چاقماق.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

يالتىراق شۆھرەتكە بولمايمەن ماھىل،
شامالغا ئەگىشىپ سالمايمەن ساما.
يەر ۋەتەن، خەلقىمنىڭ غېمىنى مەڭگۈ،
جان تىكىپ ئىشلەيمەن قويماي تەمەننا.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

مۈشكۈللەر تېخىنى قازسام پەرھاتتەك،
قورالىم ئەل ماڭا تۇتقۇزغان قەلەم.
كەشپىيات كۆكىدە ئەيلىسەم پەرۋاز،
ئاچىدۇ باغرىنى ئاي يۇزلۇك سەنەم.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هاياتنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرىدىن
هالقىيمەن بۇركۇتتەك كۆكسۈمنى كېرىپ،
قوينىغا ئالسىمۇ دېڭىز دولقۇنى،
ساھىلغا يەتكەيمەن ئۇيقۇننى يېرىپ.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۇش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

غەزىپىم ئوقىدا جان بېرەر جەزمەن،
قۇرسىمۇ رەقىبلەر يولۇمغا قاپقان.
ھەتتاكى مۇزتاغمۇ ئېرىيدۇ چوقۇم،
بولغاچقا يۇرىكىم يالقۇنى گۇلخان.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۇش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

خالىيمەن ۋىجدانغا مۇخالىپ ئىشتىن،
ئۆزلەۋزىم - ۋەدەمگە قىلىمەن ئەمەل.
تېڭىرقاپ تۇرماستىن ئۆتىمەن ھەتتا،
پۇلسىرات ئۇستىدىن ياڭرىتىپ غەزەل.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۇش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

ياشايمەن ئىنسانىي خىسلىتىم بىلەن،
ئېتىقاد، ئەقىدەم جىسمىمدىكى جان.
خەلقىمگە مېھرىمدىن چاچسام زەررە نۇر،
قالمىغاي بىر ئۆمۈر دىلىمدا ئارمان.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۇكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۇش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

1936 - يىل ئاپرېل، قەشقەر

# بىغىم

(مۇخەممەس)

ئىلىم ـ پەننىڭ بۇلىقىسەن ئازاد بىغىم،
تەشنا دىلغا بەردىڭ شەربەت ـ ھايات بىغىم،
ئىناقلىقتىن تاپتىڭ قۇدرەت، ئىجاد، بىغىم،
سەبىيلەرگە بىغىشلايسەن قانات بىغىم،
كېلەچىكىڭ كۆندەك پارلاق، ئاۋات بىغىم.

سەندە دىللار نۇرغا چۆمۈپ شاد يايرىدى،
ياش كۆچەتلەر مېۋە بېرىپ خوپ ئاينىدى،
بۇلبۇل، كاككۇك خەندان ئۇرۇپ شوخ سايرىدى،
قۇچاقىڭدا مەرىپەتتىن جەڭ قاينىدى،
مېۋىلىرىڭ شېرىن ـ شەربەت، ناۋات بىغىم.

قۇرۇپ كەتكەن ئىدى بىرچاغ كۆچەتلىرىڭ،
كۆمۈلگەنتى كەۋسەر ئاقار ئېرىقلىرىڭ،
بولغان ئىمجان سۇغا تەشنا بىلىقلىرىڭ،
لەختە ـ لەختە قانغا تولغان يۈرەكلىرىڭ،
ئەلەم بىلەن ئۆتكەن ئون يىل ناشاد بىغىم.

باھار كېلىپ قىلدى سېنى جۇتتىن جۇدا،
ياشنىپ باغرىڭ چىقتى سەندىن جۇشقۇن سادا،
ئىلىم ـ پەننىڭ باھارىدىن تاپتىڭ داۋا،
ئەمدى ئەلنىڭ ئۈمىدىنى قىلغىن ئادا،
قاناتلىنىپ ئۇچسۇن كۆكتە ئەۋلاد بېغىم.

گۈللە بېغىم، ئەركىن ئىجاد ـ مېھنەت بىلەن،
پەرۋىش تاپسۇن ئەۋلادلىرىڭ شەربەت بىلەن،
ئىلگىرىلىگىن مەنزىلسىرى جۈرئەت بىلەن،
بېزەر سېنى نىيازىمۇ زىننەت بىلەن،
چوڭ سەپەردە بولغىن چوقۇم پەرھات بېغىم.

1981 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر

# كۆكئىرىق ناخشىسى

باھار كېلىپ يېزامدا ھايات
باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى.
نەۋباھارنىڭ ئىپارھىدلىرى
كۆڭۈللەرنى شادىمان ئەتتى.

زىلال سۇلار ئاقار كۆۋەجەپ،
گۈل يېزامنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ.
ئوماق قىزلار قولىدا گوستاڭ،
ناخشا ئېيتار شادلىققا چۆمۈپ.

گۈل باھارنىڭ شەنىگە ئاتاپ
كۆكئىرىقمۇ باشلىدى ناخشا.
نېمە سىر بار بىلمىدىم ئۇندا،
بولغانمۇ يا ناخشىغا ئاشنا.

ھە چۈشەندىم بۇ دىيارىمىز
ئەلمىساقتىن ناخشا ماكانى.
ناخشا ئېيتىپ بارچە مەۋجۇدات،
زىلزىلىگە سالغان سامانى.

* * *

1982 - يىل ماي، قەشقەر

# پارچىلار

ئۈمىد ئىنساننىڭ نۇرلۇق چىرىغى،
ئۇنى كۆڭۈلنىڭ تۆرىگە ياققىن.
ياشلىق ئەجرىڭدىن پىشۇرۇپ مېۋە،
ياشانغان چاغدا قەنتىنى چاققىن.

* * *

غۇرۇر، ۋىجداننى پاك ساقلا دائىم،
نەپسانىيەتكە قىلما دەپسەندە.
بول گويا شەمشەر بىسى قايرىلماس،
ئۆچمىسۇن ئىزىڭ ئانا ۋەتەندە.

* * *

قېتىلغىن يەڭ تۇرۇپ ئىجاد سېپىگە،
ئانا يۇرت باغرىنى بېزەش ئۈچۈن سەن.
كاراپىتەك شۇڭغۇغىن ئىلىم تەكتىگە،
ئۈنىڭدىن دۇر-گۆھەر قېزىش ئۈچۈن سەن.

* * *

بول يىراق ھەسەتخور قۇۋ تۈلكىلەردىن،
شۇم نىيەت، ساختىپەز ئالدامچىلاردىن.

خەلقىمگە قىلچىلىك ياخشىلىق كەلمەس
تەخسىكەش، غەيۋەتخور، يالغانچىلاردىن.

*　*　*

ياشلىق دەۋر ئالتۇن دەۋردۇر،
شۇڭا دوستۇم قەدرىگە يەتكىن.
سەرپ ئېتىپ ئەقىل - زېھنىڭنى،
كەشپىياتتىن باغ بىنا ئەتكىن.

*　*　*

ياشلىقتا ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتكىن،
قەلبىڭنى مەرىپەت بىرلە گۈللەتكىن.
ئىجاد ۋە تۆھپەڭدىن شان - زەپەر قۇچۇپ،
ئەل - يۇرتقا مېۋىلىك باغ بىنا ئەتكىن.

*　*　*

دەريا سۈيى ئاقسىمۇ شۇنچە،
ساھىلىغا چاچرىتار ئۇنچە.
سەنمۇ دوستۇم ئىزدىنىپ دائىم،
ئىجادىڭدىن ئېچىلدۇر غۇنچە.

*　*　*

ئۆرە تۇرماس ھەرگىز قۇرۇق قاپ،
ئەگرى شاختىن چىقمايدۇ تۈز ساپ.

ئەل - يۇرتۇمغا لازىممەن يۈكسەك
ئالدى بىلەن ئەقىل - ئىدراك ئېلىپ.

*　　　*　　　*

سۆيمەك ئاسان ئاغزىدا ئەلنى،
توسماق ئاسان كەلكۈننى - سەلنى.
ئەل - ۋەتەننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن
جان كۆيدۈرگىن باغلاپ چىڭ بەلنى.

*　　　*　　　*

ئىجاد بىلەن ئۆتسە گەر كۈنۈم،
شان - ئۆتۈقتىن يايرايدۇ جېنىم.
ئىز - نىشانسىز ئۆتكەن ھاياتتىن
مىڭ ياخشىدۇر تىرىك ئۆلگىنىم.

1982 - يىلى قەشقەر



www.uyghurkitap.com

# شائىرلىق ئىشقى

ئەي تەقدىر، شائىرلىق ئىشقىنى مېنىڭ
بۇ ئاتەش قەلبىمگە سالغانىڭ قاچان؟
بىلمەيمەن نە سەۋەب، «نېمە قىسمەت بۇ،
كۈن ۋە تۈن ھاياتىم ئۆتەر خىيالچان.

ھېچ تىنىم تاپمايمەن ئىزدىنىپ دائىم،
تەپەككۇر كۆكىدە قىلىمەن پەرۋاز.
تىزىمەن ياداڭغا مىسرانى قۇرغا،
بولغاچقا ئىجادقا دىلدىن ئىشقىۋاز.

ئەپسۇسكى، يازغىنىم خەلقىم قەلبىگە
ياقامدۇ - ياقمامدۇ بۇنى بىلمەيمەن.
ئارزۇيۇم راستلىق راست دېيىشكەن شائىر
بولسام لا كۇپايە، شۆنى تىلەيمەن.

1985 - يىل دېكابىر، قەشقەر

# تۆيۇقلار

ئىلىم - پەننى ئىگىلەشكە ۋاقىتنى ھەرمىنۇت چىڭ تۇت،
بولاي دېسەڭ ياراملىق ئەر بىلىمنى ئەتىۋار يار تۇت.
«بىلىمسىزنىڭ دىلى ئەما» دېگەن ھېكمەتنى ئەلا بىل،
ھامان ئۆچمەس ھەقىقەت بۇ، ئۆمۈرۋايەت ئېسىڭدە تۇت.

* * *

ۋاقىتلىقتۇر قىران ياشلىق، بولۇرسەن ئاخىرى ئاق چاچ،
شۇڭا ئۆمرۈڭ زېمىنىغا ئىجادىڭدىن ئۇرۇقلار چاچ.
ھاياتىمنىڭ ئىزى قالسۇن دېسەڭ ئالتۇن دىيارىمدا،
بوۋام مەھمۇد، يۈسۈپ يەڭلىغ ئىلىم - پەننىڭ نۇرىنى چاچ.

ئايا دوستۇم مۇقامىڭ چال، مۇقام بىرلە كۆڭۈلنى ئاچ،
بىخۇدلۇق ئۇيقۇدا ياتقانلىنى ئويغات، كۆزىنى ئاچ.
ۋەتەن - ئەلنى قىلاي رازى دېسەڭ ئويلا كېلەچەكنى،
ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئوخشاش يارات تۆھپە، يېڭى بەت ئاچ.

* * *

يېنىمدىن بىر گۈزەل ئۆتتى شوخ نەزەر تاشلاپ،
ماڭدىم شۇئان ئارقىسىدىن تېز قەدەم تاشلاپ.

بىردىن گۈزەل توختاپ ئېيتتى: «قەلبىم سىزنىڭكى،
پەن سۆيسىڭىز، نادانلىقتەك ئىللەتنى تاشلاپ».

1983 - يىل دېكابىر، قەشقەر



www.uyghurkitap.com

# ناخشا تېكىستلىرى

## ئەزىز يۇرتۇم

ئانا يۇرتۇم ئەزىز قەشقەر
ۋەتەننىڭ ھۆر دىيارىسەن.
ئىلىم - پەنگە قۇچاق ئاچقان
ئىجاد، مېھنەت بۇلاقىسەن.

ساناقسىز كەشپىيات، سەنئەت
قۇچاقىڭدا يارالغاندۇر.
پۈتۈن ئىقلىم ئارا نامىڭ
قۇياش يەڭلىغ تارالغاندۇر.

سېنى بىلمەس كىشى يوقتۇر،
جاھاننى ئاختۇرۇپ كەزسەم.
تۇمەن مىڭ دىلنى قاندۇردى،
بولۇپ مېھرىڭ گويا زەمزەم.

گۈزەل قوينۇڭدا ئۆسكەچكە،
پەخىرلەنمەي نېچۈن سەندىن.
سېنىڭ ئىشقىڭ لاۋۇلدايدۇ،
جېنىم چىققاندىمۇ تەندىن.

## خەندان ئۈرۈپ سايرايمەن

ۋەتەن سىنىڭ قوينۇڭدا
تەر ئاققۇزۇپ سايرايمەن.
باغلىرىڭدا بۇلبۇلدەك
خەندان ئۈرۈپ سايرايمەن.

سېنىڭ مېھرىڭ دىلىمغا
بەخش ئەتتى ھارارەت.
ئۇلغايماقتا كۆڭلۈمدە
ۋۇجۇدۇمدا جاسارەت.

شۇڭا سېنى بىزەيمەن،
تولۇپ كۆچكە - غەيرەتكە.
ئايلاندۇرۇپ ئەجرىمدىن،
قۇچاقىڭنى جەننەتكە.

## جان ئانا

ئاق سۈتۈڭدە چوڭ بولدۇم،
قەدىرداننىم جان ئانا.
مېھرىڭ ئوخشاش دېڭىزغا،
غەمگۇزارىم جان ئانا.

ئېلىق كۆلۈپ قارىساڭ،
نۇر چاقنايدۇ كۆزۈڭدىن.

پۈتمەس قۇۋۋەت ئالسمەن،
قىلغان ھەربىر سۆزۈڭدىن.

كۆيۈنگەچكە سەن ماڭا،
ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدىم.
بىسىپ ئەجداد ئىزىنى،
مەرد سىپىگە قېتىلدىم.

ئاقلاش ئۈچۈن ئەجرىڭنى،
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ.
گۈل تاقايمەن كۆكسۈمگە،
شان - زەپەرگە ئېرىشىپ.

## باقىي ئەمەس دۇنياغا ئادەم

باقىي ئەمەس دۇنياغا ئادەم،
ھامان بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىز.
ھاياتلىقتا قىلغان - ئەتكەننى
بۇ دۇنياغا قويۇپ كېتىمىز.

ھامان بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىز،
يەر تېگىگە كىرىپ كېتىمىز.
ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن،
ھەتتا سىپىسىپ چىرىپ كېتىمىز.

قالسا بىزدىن ياخشى نام - ئاتاق،
پەخىرلىنەر ئەۋلادلىرىمىز.

ئەقىدىنى قىلساق دەپسەندە،
نەپرەتلىنەر ئەۋلادلىرىمىز.

قالدۇرايلى ئەي ئەزىز دوستلار،
مىللەتكە بىر ئىسىل خىسلەتنى.
ئۆلسەك بىرگە ئىلىپ كىتەيلى،
ساقلاپ كەلگەن ناچار ئىللەتنى.

## ۋەسلىڭگە يىتەرمەنمۇ

ئۆرتەندى يۈرەك - باغرىم،
ھىجرىڭدىن - پىراقىڭدىن.
ئايرىلدى كۆزۈم جانان،
شەمئى - نۇر چىراغىڭدىن.

سەن كەلسەڭ خىيالىمغا،
ماڭسام يول تاپالمايمەن.
ئاخشىمى چىكىپ پەرياد،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

بۇ چەكلىك ھاياتىمدا
ۋەسلىڭگە يىتەرمەنمۇ؟
يا بىتاپ بولۇپ مەڭگۇ،
ئارماندا كىتەرمەنمۇ؟

## گۈل بولسام سۆيەتتىڭمۇ

بىر دەستە گۈل قولۇڭدا،
ئاڭا تويماي قارايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈلگە ئاشىق بولغاندەك
تىنىم تاپماي يۇرايسەن.

مەن يېنىڭدا تۇرسامۇ،
خىيالىڭغا كەلمەيمەن،
بار دۇر گۈلدە نە سىھىر،
بۇنى تېخى بىلمەيمەن.

ئەي جانان، ئەگەر مەنمۇ
گۈل بولسام سۆيەتتىڭمۇ؟
باغ بىنا قىلىپ گۈلدىن،
ياشناتسام كۆيەتتىڭمۇ؟

نەقرات: باغ قىلسام كۆيەتتىڭمۇ؟
گۈل بولسام سۆيەتتىڭمۇ؟

## ناخشىچىغا

چىقساڭ كۆلۈپ سەھنىگە،
چولپان خىجىل چېھرىڭدىن.
نۇر تۆكۈلدى دىللارغا،
شاد ناخشاڭدىن، مېھرىڭدىن.

ناخشاڭ شېرىن كەۋسەردەك
چاڭقاق دىلغا قۇيۇلدى.

شوخ ئاۋازلىك بۇلبۇلنىڭ
ناۋاسىدەك تۇيۇلدى.

ناخشاڭدىن سۆيۈنگەچ ئەل،
ساڭا ئىنتىزار بولدى.
كۆڭلى ئېچىلىپ - يايراپ،
ناخشاڭغا خۇمار بولدى.

## يەتكىن دەردۇ ھالىمغا

ئۇچراشقاندا جۇپ كۆزلەر،
كەلمەيدۇ تىلىم گەپكە.
قىينامسەن مېنى يارىم،
مۇپتىلا قىلىپ دەردكە.

چېھرىڭدىن بولۇپ بىھوش،
كەتتىم ئەجەب دەرماندىن.
ئارمانغا يېتەرسەنمۇ
ئايرىلسام ئەزىز جاندىن.

بولماي تاش يۈرەك ئەمدى،
يەتكىن دەردى - ھالىمغا.
خار قىلساڭ مېنى يارىم،
قالىسەن ئۇۋالىمغا.

نەقرات: يەتكىن دەردى - ھالىمغا،
قالمىغىن ئۇۋالىمغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كۆيدۇم

دىلرەبالەر ئىچرە بىر دىلدارغا كۆيدۇم،
ئاھۇ يەڭلىغ كۆزلىرى خۇمارغا كۆيدۇم.
سەرۋى قامەت، خۇشبۇي گۈلزارغا كۆيدۇم،
مېھرى باھار، شەپقىتى دەرياغا كۆيدۇم.

نەقرات: كۆيدۇم، كۆيدۇم، كۆيدۇم،
بىر يارغا كۆيدۇم.
ئاھۇ يەڭلىغ كۆزلىرى خۇمارغا كۆيدۇم.

ۋاپادارلىق بابىدا سېخىي، مەردانە،
چىن ساداقەت ئىشقىدا بولۇپ پەرۋانە.
يەن - مەرىپەت كۆكىدە چاقناپ يېگانە،
چىن سۆيگۈنىڭ چولپانى بەرناغا كۆيدۇم.

نەقرات: كۆيدۇم، كۆيدۇم، كۆيدۇم،
بىر يارغا كۆيدۇم.
مېھرى باھار، شەپقىتى دەرياغا كۆيدۇم.

قىيا بېقىپ ناز بىلەن جانىمنى ئالغان،
ۋۇجۇدۇمغا مۇھەببەت ئوتىنى سالغان؛
سۆيگۈ - پىراق جىسمىمدا لاۋۇلداپ يانغان،
قەلبى ئاتەش، ھۆسنى گۈل رەناغا كۆيدۇم.

نەقرات: كۆيدۇم، كۆيدۇم، كۆيدۇم،
بەرناغا كۆيدۇم.
قەلبى ئاتەس، ھۆسنى گۈل رەناغا كۆيدۇم.

## نۇر قوينىدا ئۈرۈمچى

ئاخشىمى بازار قايناق،
ھەر دوقمۇشتا، ھەر جايدا.
ئاختۇرسام جاھان ئىچرە
سەندەك گۈل دىيار قايدا.

يۇلتۇزلار قونۇۋاپتۇ
بىنا ئۈستىگە شۇنچە.
نۇر قوينىدا تەۋرەيدۇ
گۈللۈكتە قىزىل غۇنچە.

كىچە بىلەن كۈندۈزى
ئوخشايدىغان شەھەر بۇ.
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
گۈزەل ماھى قەمەر بۇ.

## نۇر چاقنايدۇ چېھرىڭدىن

مېھرىڭ بىلەن كۆيۈنۈپ،
باقتىڭ ئەزىز جان ئانا.
ۋۇجۇدۇمنى باغرىڭغا
ياقتىڭ ئەزىز جان ئانا.

ئاق سۈت بېرىپ قاتارغا
قاتتىڭ ئەزىز جان ئانا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

تومۇرۇمدا قان بولۇپ
ئاقتىڭ ئەزىز جان ئانا.

ئەقىدەڭ كۆپ، ئەجرىڭ كۆپ،
تەرىپلىرىڭ داستاندۇر.
سېنىڭ قەلبىڭ گوياكى
سېخىيلىقتا ئاسماندۇر.

## زەڭگەر كۆز

مېھرى دەريا، قەلبى ئوت، زەڭگەر كۆز بالا،
مېنىڭ مىسكىن ھالىمغا يەتسەڭ نېمە بولا؟
ھارارىتىڭ قەلبىمدە گوياكى گۈلخان،
قېنىۋالسام ۋەسلىڭگە قالمايتتى ئارمان.

نەقرات: سۆيدۈم سېنى مەجنۇندەك زەڭگەر كۆز بالا،
يۈرەكتىكى دەردىمگە يەتسەڭ نېمە بولا؟

سەن ئېسىمگە كەلسەڭلا پەرياد چېكىمەن،
سەۋدايىدەك ئاھ ئۇرۇپ جاندىن كېچىمەن.

نەقرات: كۆيگىنىمنى بىلسەڭچۇ زەڭگەر كۆز بالا،
ئۇنداق قىلماي ھالىمغا يەتسەڭ نېمە بولا؟

## قەشقەر قىزى

قەشقەر قىزى پەرىنىڭ ئۆزى،
ئانار يۈزلۈك، شېرىن سۆزى.

كۆڭۈللەرنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
سېھىرگە باي خۇمارلىق كۆزى.

ساچى سۇمبۇل، كىرپىكى تال - تال،
مېھرى ئىسسىق ئەي قەشقەر قىزى.
نازاكەتلىك بابىدا تەنھا،
قەلبى ئويغاق ئۈمىد يۇلتۇزى.

ئانار يۈزلۈك ئەي قەشقەر قىزى،
ساڭا مەڭگۈ بەخت يار بولسۇن.
ئەجدادىڭدىن ئىپتىخارلىنىپ،
ئۆتكىن، قەلبىڭ شادلىققا تولسۇن.

## ئاي جامالىڭ چىقماس ئېسىمدىن

نازاكەتلىك ئەي پەرى
كۆيدۈمەن ساڭا
مېھرىڭ بىلەن سۆيگۈڭدىن
بېرەمسەن ماڭا؟

سەۋدايىمەن سېنى يار
كۆرگەندىن بېرى
خىيالىمدىن جامالىڭ
كەتمەيدۇ نېرى.

تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن،
تولغىنىپ يېتىپ

تۈگۈلۈكۈمدىن مارايمەن،
ئايغىلا بېقىپ.

ۋۇجۇدۇمدا ئۇلغىيىپ
ئوتلۇق مۇھەببەت.
ئاي جامالىڭ ئېسىمدىن
چىقمايدۇ ئەبەد.

## مېھرىڭ ئوتمۇ - يالقۇنمۇ

مېھرىڭ ئوتمۇ - يالقۇنمۇ؟
كۆيدۇم كۈل بولۇپ.
گويا قاقشال دەرەختەك
كەتتىم مەن قۇرۇپ.

قىيناپ مېنىڭ جېنىمنى
ئالماقچىمىدىڭ.
ئازاب ھەمدە كۈلپەتكە
سالماقچىمىدىڭ.

سىرلىرىڭنىڭ تەكتىگە
يېتەلمەي جانان.
پەرۋانىمەن يېنىڭدىن
كېتەلمەي جانان.

كۆزلىرىڭ گويا دېڭىز،
چۆمگۈم كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

لەۋلىرىڭ قوقان گىلاس،
سۆيگۈم كىلىدۇ.

بوينۇڭغا تۇمار، زۇننار
ئاسقۇم كىلىدۇ.
ۋەسلىڭگە، جامالىڭغا
قانغۇم كىلىدۇ.

1989 ـ، 1991 ـ يىللار قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بەشكېرەم

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

بەشكېرەمدۇر بېھىشتەك دىيار،
ھاۋاسىدىن يۇرايدۇ ئىپار.
قىلىپ سەيلە قۇچاقىنى مەن،
يازدىم ئۇنىڭ شەنىگە ئەشئار.

## پەخرىمىز

گۈلە ئايرىش ئۆيگە بىزنى
باشلاپ كىردى خىزىردەك بىر چال.
خۇددى تاغدەك دۆۋىلەنگەن گۈلە
كۆڭلىمىزنى ئەيلىدى خۇشال.

تونۇشتۇردى ئەھۋالنى بوۋاي،
«چەت ئەلدىمۇ داڭلىق بۇ گۈلە.
شېرىنلىكى يارغاچقا تىلنى،
بازار تاپتى دۇنيا يۈزىدە.»

يەشىكلەرگە چاپلانغان گۈزەل

ماركىلارغا قاراپ شادلاندۇق.

باربىكاللا ئىبتىپ باغۇەنىنىڭ،

تەر - ئەجرىگە شۇنچە زوقلاندۇق.

ئاددىي مېۋە بىر ئۈچۈن گۈلە،

قىممىتى چوڭ جاھاندا شۇنچە.

ئىشچانلارنىڭ مېھنىتى ئۈنىڭ —

قىممىتىنى ئاشۇرغان شۇنچە.

## باغقا كىرگەندە...

«جەننەتمۇ بۇ، باغمۇ؟» دېيىشىپ،

ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدۇق.

قانچىلاپ كۆز ئاپپاراتىدا

گۈزەللىكنى سۈرەتكە ئالدۇق.

ساپ - ساپ ئۈزۈم مەرۋايىت كەبى

بېدىشلاردا يالتىراپ تۇرار.

شاخ ماتىسى — ئەنجۈر سارغىيىپ،

قىزىرىپتۇ شەپەقتەك ئانار.

پىستە - بادام غۇر - غۇر شامالدا

يەرگە چۈشۈپ يامراپ كېتىپتۇ.

يارما شاپتۇل مەي باغلاپ شاختا،

تىل يارغۇدەك شېرىن پىشىپتۇ.

ئەنە بېھى زەردەك تاۋلىنار،
بۇ مېۋىلەر شۇنچە لەززەتلىك.
بۇندىن ئارتۇق مېۋىنىڭ كانى
يوق جاھاندا مۇنچە بەرىكەتلىك.

## باراڭ ئاستىدا

ئايلىنىپ كەڭ باغنىڭ ئىچىنى،
ئورۇن ئالدۇق باراڭ ئاستىدىن.
داستىخاننى سالدى ساھىبخان،
پەيدا بولدى بىر باغ باشقىدىن.

ئالما، بېھى مۇراببالىرى
ئالدىمىزغا تىزىلدى رەت - رەت.
قوغۇن، تاۋۇز تەخسىدە ئەنە،
تېمىپ تۇرار ئۈزۈلمەي شەربەت.

قول كەلتۈرۈپ بەھۇزۇر شۇئان،
خالىغانغا تەگكۈزدۇق ئېغىز.
بەررە كاۋاپ، قاتلىما نان يەپ،
مەززە قىلدۇق راسا ھەممىمىز.

تويدۇق دېسەك، مېھماندوست بوۋاي،
ھە ئېلىڭلار، بېقىڭلار، دېدى.
ئەجرىمىزدىن كەلگەن نېمەتنىڭ
راسا تەمىن تېتىڭلار، دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

تەن سەھەتلىك تىلەپ بوۋايغا،
ئورنىمىزدىن تۇردۇق شادىمان.
ئارتۇق ئىكەن شاھنىڭ قەسرىدىن،
بۇ گۇل باراڭ نېمەتكە تولغان.

## خاتىمە

مۇنبەت دىيار گۇزەل بەشكېرەم،
تەرىپىڭگە يېتىشمەيدۇ سۆز.
كۆڭۇل سۆيگەن يارغا باققاندەك،
جامالىڭدىن ئۇزەلمىدىم كۆز.

شۇڭا قاتتىممەن سېنى كۇيگە،
قىلىپ چوڭقۇر مېھرىمنى ئىزھار.
مېۋە يۇرتى، ماڭا، دوستلارغا،
سوۋغا قىلدىڭ تۇگىمەس ئەشئار.

1983 - يىل ئۆكتەبىر، بەشكېرەم

## سۆيگۈ رىشتى

كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ قىيا باققىنىڭ،
يۈرىكىمگە ئىشقىڭدىن گۈلخان ياققىنىڭ.

ئاشۇ ئوتلۇق چاغلارنى ئەسلىسەم جانان،
يۈرەكلىرىم تىترەيدۇ، قالمايدۇ دەرمان.

ھىجران يۈكىنى ئارتىپ كەتتىم يىراققا،
قانداق يۈرەك چىدايدۇ بۇ دەرد-پىراققا.

مەن سىغىنسام، سەنمۇ سىغىن، تۇرايلى ئەسلەپ،
سۆيگۈ رىشتى مەڭگۈگە كەتمىسۇن چەتنەپ.

www.uyghurkitap.com

# سەبىيلەر ناخشىسى

## سۆيىمىز ئىلىم - پەننى

بىز ياش غۇنچە پورەكلەر،
سۆيىمىز ئىلىم - پەننى.
پەن - تېخنىكا ئىگىلەپ،
گۈللىتىمىز ۋەتەننى.

گۈزەل مەكتەپ بېغىدا
گۈل - غۇنچىلار ئېچىلدى.
ئىلىم - پەنگە مېھرىمىز
فونتان بولۇپ چېچىلدى.

ناخشا ئېيتساق زوقلىنىپ،
ياڭرىدى ئاۋازىمىز.
ئىلىم - پەننى، ۋەتەننى
ئالقىشلىدى سازىمىز.

ئۇزۇن سەپەر يۇكىنى
يەلكىمىزگە تاڭىمىز.
دېڭىزىدا ئىلىمنىڭ
دولقۇن يېرىپ ماڭىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئانا تىلىم

مەن قەدىرلەپ سۆيىمەن
ئانا تىلىمنى.
يورۇتىمەن ئۇنىڭ بىلەن
سەبىي دىلىمنى.

ئانا تىلىم مەن ئۈچۈن
جاندىنمۇ ئەزىز.
ئۇنىڭ تەمى گوياكى
قەنتتىنمۇ لەزىز.

ئۇنىڭ بىلەن يايرايدۇ
بۇ تەندە جېنىم.
دولقۇن ياساپ تومۇردا
ئۇلغۇيار قېنىم.

ئۆگىنىمەن شۇڭلاشقا،
كۆڭلۈمنى قويۇپ.
خاتىرىلەيمەن قەلبىمگە،
نەقىشتەك ئويۇپ.

# دادام ناۋاي مېنىڭكى

دادام ناۋاي مېنىڭكى،
كەسپىگە ماھىر.

بۇ ئۇلۇغۋار كەسپتە
ھەممىگە قادىر.

سەھەر تۇرۇپ ئورنىدىن،
شىرمەننان ياقار.
پىشىپ چىقسا تونۇردىن،
تويماستىن باقار.

مەن مەكتەپكە ماڭغاندا،
بىرەر شۇ ناندىن.
«ياخشى ئوقۇك بالام» دەپ،
ئۇزىتار ئاندىن.

سۆيۈندۇ دادامنىڭ
مېھرىدىن دىلىم.
شۇڭا ياخشى ئوقۇيمەن،
ئىگىلەپ بىلىم.

## تاپانچام بار مېنىڭكى

تاپانچام بار مېنىڭكى،
بەكمۇ چىرايلىق.
چۇشۇرمەيمەن قولۇمدىن،
قىممەت باھالىق.

كىچىلىرى قولۇمدا،
تۇتۇپ ياتىمەن.

ئوغرى كىرسە ئۆيۈمگە،
چەللەپ ئاتىمەن.

چوك بولغاندا مەن چوقۇم
جەڭچى بولىمەن.
قورال تۇتۇپ چېگرىدا
پوستا تۇرىمەن.

## لەگلىكىم

ئۇچقىنىڭدا لەگلىكىم،
پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا.
يۈرەكلىرىم يايرايدۇ،
هاياجاندا - ئارماندا.

تىزگىنىڭنى تارتىپ مەن،
چۇشۇرمەيمەن قولۇمدىن.
ساڭا قاراپ يۈگۈرسەم،
ئاداشمايمەن يولۇمدىن.

مەنمۇ قاچان سېنىڭدەك،
كۆك قەرىدە ئۇچارمەن.
پەن - مەرىپەت ئېگىلەپ،
شان - زەپەرلەر قۇچارمەن.

## تۇمەن دەرياسى

دولقۇنۇڭغا قوشۇلۇپ
ئاققۇم كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋۇجۇدۇمنى باغرىڭغا
ياققۇم كېلىدۇ.

ئابى ـ زەمزەم تەمى بار
تاتلىق سۈيۈڭدە.
يۈسۈپ، مەھمۇد ئۈنى بار
ئوتلۇق كۈيۈڭدە.

سېيىت نوچى، نوزۇگۇم،
سۈيۈڭنى ئىچكەن.
مەلئۇنلارغا باش ئەگمەي،
جېنىدىن كەچكەن.

مەنمۇ ئاشۇ ئەجدادنىڭ
ۋارىسى بولۇپ؛
ساھىلىڭنى بېزەيمەن،
شادلىققا تولۇپ.

## دادامغا

چىقىرىۋېلىپ مەكتەپتىن،
بەردىڭ ھۈنەرگە.
تەربىيىدىن ئايرىلدىم،
ماڭدىم خەتەرگە.

ماشىنىچى ئۇستامنىڭ
ئاچچىقى يامان.

گاھى خۇيى تۇتۇلسا
سۇرمەيدۇ زۇۋان.

ئوتۇن يېرىپ ھارغاندا،
سۇ ئېلىپ كىردىم.
بالا بېقىپ كوچىدا،
پۇشايمان يېدىم.

ئۇستاز مېھرى قەلبىمگە
كەتكەچكە ئورناپ.
چۈشلىرىمدە ئۇستازنى
كېتىمەن توۋلاپ.

مەن مەكتەپنى سېغىندىم،
ئاغرىت ئىچىگنى.
مېھرى بىلەن ئۇستازىم
سۇرتسۇن يېشىمنى.

1981 — 1992 - يىللار قەشقەر





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# خىيال بىلەن ئۆتەر كۈنۈم

خىيال بىلەن ئۆتەر مېنىڭ ھەركۈنۈم،
خىيال بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن.
بولغاچقا ئۇ مېنىڭ يولچى ھەمراھىم،
ئەسرالىشىپ - مۇڭدىشىپ ھېچ قانمايمەن.

مىسكىن دىلىم يايرار ئۇنىڭ مېھرىدىن،
ھەتتا چاڭقاپ كەتسە شۇندىن سۇ ئىچەر.
خىيال مېنى ئىنتىلدۇرۇپ ئىقبالغا،
ھايات يولۇم ئۇچۇن ئالتۇن نۇر سېپەر.

1987 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر

ئۇيغۇركىتاپ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
كىتاب تورىبېكىتى

# غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە بىلەن چامدايمەن ئالغا.
ئۇنىڭ يۈكسەك قۇدرىتى بىلەن
مەن يېتىمەن ئارزۇ - ۋىسالغا.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە گويا تومۇردىكى قان.
شۇ ئۇلۇغۋار غايىنىڭ كۈچى
ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلايدۇ جان.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە قانات كۆكتە ئۇچۇشقا.
تىلسىماتلار سىرىنى ئېچىپ،
ئىجادتىن شان - زەپەر قۇچۇشقا.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە ئۇندەر مېنى ئىجادقا.
غايىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئاخىر،
ئېرىشتۈرەر مېنى نىجاتقا.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە قەلبىم قەسرىدە مەشئەل.
غايە مېنىڭ ئۆتكۈر قورالىم،
غايە بىلەن پۈتكۈل ئىشىم ھەل.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە گويا نۇرى ھاياتنىڭ.
غايە بىلەن تۇرىدۇ مەزمۇت
بىناسى ھەم ئۇلى ھاياتنىڭ.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە بىلەن كۆكلەيدۇ زېمىن.
غايە بىلەن كۈلسە كائىنات،
تاپار شۇندا كۆڭلۈممۇ ئەمىن.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە ھەمراھ ۋىجدانلىق ئەرگە.
غايە چاقنار ئاشۇ ئادەمدە،
كۆمۈلسىمۇ ھەتتاكى يەرگە.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە مېنىڭ بەختىم، قاناتىم.
غايە بىلەن تىرىك ياشايمەن،
غايىسىز ھېچ ئۆتمەس ھاياتىم.

1987 - يىل 14 - ئىيۇل، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەڭرىنىڭ مەرھىمىتى تۆكۈلگەن جاي

تەڭرىنىڭ مەرھىمىتى تۆكۈلگەن جاي،
ئىپتىلىك ئەي مۇقەددەس قەدىمىي يۇرت.
سەن گويا كۆكتە ئۈزگەن بىر تولۇن ئاي،
تىلەيمەن چىن دىلىمدىن زەپەر ھەم قۇت.
تەڭرىنىڭ مەرھىمىتى تۆكۈلگەن جاي،
سەن گويا كۆكتە ئۈزگەن بىر تولۇن ئاي.

قارىدىم جامالىڭغا تويماي بېقىپ،
تاغلىرىڭ تاشلىق ئىكەن، باغرىڭ چىمەن.
ئىپتىلىكنىڭ دەرياسىدا كەتتىم ئېقىپ،
چۆمدۈرۈپ مېھرىڭ زوققا، يايرىدى تەن.
قارىدىم جامالىڭغا تويماي بېقىپ،
ئىپتىلىكنىڭ دەرياسىدا كەتتىم ئېقىپ.

نازاكەت ئالىمىنىڭ قىزلىرىنى
ھەر كۆرسەم يۈرەكلىرىم تىپچەكلىدى.
تۇتىيا قىلدىم ئەجداد ئىزلىرىنى،
شادلىقتىن تومۇردا قان ئۆركەشلىدى.
ھەر كۆرسەم يۈرەكلىرىم تىپچەكلىدى،
شادلىقتىن تومۇردا قان ئۆركەشلىدى.

بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىپ كۆردۈم،
كۆك بىلەن بوي تالاشقان ۋىشكىلارنى.
مېھنەتنىڭ، ئىش - ئەمگەكنىڭ پەيزىنى سۈردۈم،
تاڭ قالدىم كۆرۈپ قەيسەر ئىشچىلارنى.
كۆك بىلەن بوي تالاشقان ۋىشكىلارنى،
تاڭ قالدىم كۆرۈپ قەيسەر ئىشچىلارنى.

باغرىدىن يەرنىڭ يېغى ئېتىلغاندا،
شادلىقتىن يايراپ كەتتى ئانا زېمىن.
غەلىبىنىڭ جەڭ دۇمبىقى چېلىنغاندا،
جۇڭغارنىڭ كۆڭلىمۇ ھەم تاپتى ئەمىن.
شادلىقتىن يايراپ كەتتى ئانا زېمىن،
ئەل - يۇرتنىڭ كۆڭلىمۇ ھەم تاپتى ئەمىن.

1988 - يىل ئىيۇل، قاراماي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئالدانغان سۆيگۈ

شۇنچە گۈزەل قىزلار ئارا سېنى تاللاپ،
چىن دىلىمدىن ئاشىق بولۇپ سۆيگەنىدىم.
ئىشقى ئوتۇڭ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ،
ئوتقا چۈشكەن قىلغا ئوخشاش كۆيگەنىدىم.

ئۆتكۈزگەنتىم كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلاپ،
«يېتەرمەن» دەپ قاچان سېنىڭ ۋىسالىڭغا.
تەلمۈرگەنتىم رۇجەكلەرنى ئېچىپ قانچە،
قېنىۋېلىش ئۈچۈن ئوتلۇق جامالىڭغا.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارمانلىرىم بولدى نېسىپ،
يەتتىم ئاخىر ئاشۇ بۈيۈك مەقسەتكىمۇ.
قېنىپ ئىچتىم لەۋلىرىڭنىڭ شارابىدىن،
ئېرىشكەچكە كۈتكەن ئارزۇ ـ تىلەككىمۇ.

يۈرەك ـ قەلبىم هاياجاندىن كەتتى يايراپ،
شېرىن لەززەت ئاتا قىلغان بۇ هاياتتىن.
ساداقىتىم ئېشىپ باردى كۈندىن ـ كۈنگە،
ئىخلاس قىلدىم سەن نىگارغا يىگىۋاشتىن.

ۋادەرىخا... ئەي دىلرەبا، كۈتمىگەندە،
مۇھەببەتكە خائىن بولۇپ تاشلاپ كەتتىڭ!
قانداق ۋىجدان چىدار ئەمدى بۇ قىسمەتكە،
دەرد - ئەلەمدىن كۆزلىرىمنى ياشلاپ كەتتىڭ!

شۇندىن بېرى مەن يۈرىمەن بىھوش بولۇپ،
ئايرىلىپلا قالدىم مانا مەن سېنىڭدىن.
يۈرەك يىغلار دەرد - پىراقتىن پەرياد چېكىپ،
رەڭگىم سامان، ئاش ئۆتمەيدۇ يا گېلىمدىن.

كېيىن ئۇقسام بىر يىگىتكە ئاشىق بوپسەن،
كۆپمىش ئۇنىڭ زىبۇزىننەت، مال - دۇنياسى.
مەھلىيا بوپ «كۆيدۈم سىزگە» دەپ يۈرۈپسەن؟!
پۇلدار بولغاچ سۆيگىنىڭنىڭ باش پاناسى.

باشتا بىلگەن بولسام بۇنداق خۇيلىرىڭنى،
ساڭا مۇنچە شەيدا بولۇپ كەتمەس ئىدىم.
ۋاقىتلىقكەن ماڭا قىلغان ئەقىدەڭمۇ؟
بايقىماستىن يۈرۈپتىمەن، ئەمدى بىلدىم.

بۇ بەختسىز مۇھەببەتنىڭ پاجىئەسى،
ياش قەلبىمدە مەڭگۈ ئۆچمەس داغ بوپ قالدى.
ئالدانغانغا مىڭ پۇشايمان ئوقۇدۇممەن،
بۇ كۇلپەتلەر يۈرەككە ئوق بوپ قادالدى.

1989 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەھرا نەزمىلىرى

## (سىكىل)

## كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم،
ئەي كۆكئېرىق، ئانجان سەھرا.
تارتار مېنىڭ ئوتلۇق مېھرىمنى،
قۇچىقىڭدا ئۆسكەن گۈل - گىياھ.

تارتار مېنىڭ ئوتلۇق مېھرىمنى،
چەكسىز زېمىن، يېشىل كائىنات.
نۇرلاندۇرار ھەتتا چېھرىمنى،
زوقلاندۇرۇپ بارچە مەۋجۇدات.

ئەركىلىتىپ ئىللىق قوينۇڭدا،
مېھرىڭ بىلەن ئۆستۇردۇڭ مېنى.
دالىلاردا ئەركىن يايرىتىپ،
شادلاندۇرۇپ كۈلدۇردۇڭ مېنى.

مانا ئەمدى جەڭگىۋار سەپكە
قېتىلدىمەن بولۇپ نەۋقىران.
رازى قىلسام سېنى ئەجرىمدىن،
قالماس ئىدى كۆڭلۈمدە ئارمان.

## دېھقان ئەجرىگە يازىمەن داستان

ئەجرىڭدىن چۆللەرمۇ بولدى گۈلىستان،
ئەجرىڭدىن داستىخان تولدى نېمەتكە.
پەرۋىشىڭ تۇپەيلى كۆكلىدى ئورمان،
سەن بولغاچ پەرۋانە ئىشقا - ئەمگەككە.

تۆككەن ساپ كۇمۇشتەك هالال تەرىڭدىن
ئوخشىدى ئېتىزدا ئاشلىق - زىرائەت.
ئاينىدى بېغىڭدا سەي - كۆكتات، مېۋە،
يار بولدى ئۆمرۈڭگە بەخت ۋە ئامەت.

بەرداشلىق بېرىسەن قىشتا سوغۇققا،
بەرداشلىق بېرىسەن ئېغىر ئەمگەككە.
سەهەرتان كۈنلىرى، ئورۇم پەيتىدە،
يىغىسەن كۈچۈڭنى ئىككى بىلەككە.

سورۇيسەن بۇغداينى سالقىنغا سىلىپ،
دان بىلەن سامانىنى قىلىسەن ئايرىم.
تاكى بىر خامانىنى ئېلىپ بىكارلاپ،
ئۆيگە دان كىرگۈچە دېمەيسەن «هاردىم».

بىر سۆيەي مەن يىرىك ئالىقىنىڭنى ئاچ،
ئەجرىڭنى قۇتلۇقلاپ يازاي ھەم داستان.
ئىجادتىن چاچقۇلار چاچسام بېشىڭغا،
ئاز كېلۇر سەن ئۇچۇن ئەي ئەزىز دېھقان.

## سېغىنىش

كۆرۈنمەيدۇ مەن ئۆيىنىغان تويلىق يوللار،
كۆرۈنمەيدۇ مەن سۇ ئىچكەن ئۆستەڭ ھەم ئېرىق.
نەگە كەتتى باشلىرىمنى سىيلىغان قوللار،
نەگە كەتتى كاۋا، چامغۇر، قوناق ۋە تېرىق.

نەگە كەتتى ئەنجان تاملىق مېۋىلىك باغلار،
ئاڭلانمايدۇ يا مەن باققان بويناقنىڭ ئۈنى.
كۆرۈنمەيدۇ قوناق چىشلەپ ئوچۇشقان زاغلار،
بىلەلمىدىم، مەن كىملەردىن سورايكى بۇنى؟

نەگە كەتتى مەن چۆمۈلگەن شارقىراتمىلار،
نەگە كەتتى ئايدىڭدىكى چۆچەك ئېيتىشىش.
يىراق بۇرۇنقى ماڭا ئامراق ئاق چاچ بوۋايلار...
ئەسلىسەملا دىلغا سىغماس ئاچچىق ئۆكۈنۈش.

## ئانا مەكتىپىم

(بۇ شېئىرىمنى «كۆككېرىق باشلانغۇچ
مەكتەپ» كە بېغىشلايمەن)

مەن سەندە تۇنجى رەت ئالغانتىم بىلىم،
مەن سەندە پەيدىنپەي چىقارغان قانات.

نۇرلانغان پەن بىلەن بۇ سەبىي دىلىم،
باشلانغان مەن ئۈچۈن يېڭى بىر ھايات.

تاڭ سەھەر جىلتەمنى ئېسىپ بويىنۇمغا،
كېلەتتىم قوينۇڭغا كېپىكتەك يايراپ.
ۋە بەزەن شادلىقتىن ناخشىلار ئېيتىپ،
كېلەتتىم تورغايدەك چۇڭچۇلداپ سايراپ.

كىرسەملا سىنىپقا ئېچىلىپ كۆڭلۈم،
سېزەتتىم ئۆزۈمدە ئالەمچە شادلىق.
ئۇستازلار چېھرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ،
سۆزلەيتتى گوياكى قەنتتىنمۇ تاتلىق.

مەن سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتىم جىم،
سۆزىنى قەلبىمگە ئويۇپ نەقىشتەك.
ئاڭلايتتىم دىققىتىم چېچىلماي ھەرگىز،
بارغانچە زوقلىنىپ قۇشتەك يېنىكلەپ.

يولۇمنى يورۇتۇپ قۇياشتەك ئۇلار،
كۆرسەتكەن پارلاق بىر نىشاننى ئېنىق.
شۇ ئۇستاز ئەجرىدىن تېپىپ كامالەت،
ئاق بىلەن قارىنى ئەتكەنتىم پەرق.

شۇڭلاشقا مەن سېنى سۆيىمەن مەكتەپ،
شۇڭلاشقا ئۇستازغا ھۆرمىتىم چەكسىز.
ئەجرىڭدىن ھە بۈگۈن بولدۇم مۇئەللىم،
مەن ئۈچۈن قەلبىڭ كەڭ گوياكى دېڭىز.

# كۆك چۆچۈرىسى

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرى، يۇرتۇم،
سەندە بىدە چىقار بىخ سۇزۇپ.
بىدىلىكتە ئوغۇل ھەم قىزلار،
كۆك تېرىدۇ خۇشال يەڭ تۇرۇپ.

قاچىلىرى توشقاندا كۆككە،
ئېلىپ كېلەر ئۆيگە ئالدىراپ.
ئىلغاپ ئۇنى ئاق چاچ مومايلار،
تەييار قىلار پاكىز ئادالاپ.

تۇجۇپىلەپ سوقۇپ ھەم قورۇپ،
ئاندىن تۈگەر كۆك چۆچۈرىسى.
پىشقىنىدا لىگەنگە سۇزۇپ،
يەيدۇ ئوغلى، قىز ھەم جورىسى.

بەك يېيىشلىك تائام بولغاچ ئۇ،
قانچە يېسە يېگۈسى كېلەر.
بۇ تائامنى ئەتكەن ئانىغا
رەھمەت ئېيتار ئويناپ يۈرەكلەر.

1989 - يىل نويابىر، كۆكئېرىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەجنۇنتال چىھرىدە ئوينار تەبەسسۇم

باھار بىلەن جىلۋىلەندى ئاھ،
مەجنۇنتاللار چىھرىدە كۈلكە.
يېشىللىقتىن مەمنۇن بولۇپ ۋاھ،
سۆيۈندى بۇ شەھەر ھەم ئۆلكە.

زېمىن ئىللىپ، ياشىنىدى ھايات،
بۇ باھارنىڭ ساخاۋىتىدىن.
كاككۇك، تۇرنا قېقىپ پەر - قانات،
ناۋا قىلدى يۈرەك قېتىدىن.

ئىپار ھىدى تاراپ باغلاردىن،
كۆڭۈللەرنى يايرىتتى شۇنچە.
ئەگىز سۇيى كېلىپ تاغلاردىن،
تاشتىن تاشقا چاچراتتى ئۈنچە.

ئېتىزلاردا يېشىل مايسىلار
دولقۇنلىدى دېڭىز سۈيىدەك.
پېپى ياساپ سەبىي باللار،
نەغمە قىلدى بۇلبۇل كۈيىدەك.

ئېلىپ كەلدى بۇ كۆكلەم باھار،
بارچە دىلغا ئالەمچە شادلىق.
قىزلار چېھرى بەئەينى ئانار،
مەپتۇن قىلدى دىلنى بىر تاتلىق.

1990 ـ يىل ماي، قەشقەر

www.uyghurkitap.com



# ئاتەش پىراقلار

## ئەنجۈرلۈك باغ چىقماس ئېسىمدىن

ئەنجۈرلۈك باغ چىقماس ئېسىمدىن،
چۈنكى يارنى شۇ باغدا سۆيگەن.
تۈنجى سۆيگۈ ئوتى يۈرەكتە
گۈلخان بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيگەن.

تەڭكەش بولغان بۇ سۆيۈشلەرگە،
قوش يۈرەكنىڭ رىتىمى شۇ چاغ.
دالدا بولغان ئەنجۈر ياپرىقى،
ئەستىن چىقماس شۇڭلاشقا بۇ باغ.

## سەلكىن شامال چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە

سەلكىن شامال چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە،
يۈرەكلىرىم ياپراق كەبى تىترەپ كېتەر.
ئاھۇ كۆزۈڭ ماڭا قىيا تەلمۈرگەندە،
ۋۇجۇدۇمنى بىر سېھرىي كۈچ ئەسىر ئېتەر.

www.uyghurkitap.com

مەپتۇن قىلىپ ناز - كەرەشمەڭ دىلنى تۇتقان،
قەلبىمنى پاك ئىشقى ئوتۇڭ چۇلغاپ ئالار.
قىلغان شېرىن سۆزلىرىڭدىن يايراپ بۇ جان،
تەشۋىشلەنگەن كۆڭلۈم بىردەم ئارام تاپار.

## كۆيمەي دېسەم كۆيدۈردۈڭ مېنى

كۆيمەي دېسەم كۆيدۈردۈڭ مېنى،
ئوت چاچرىتىپ شەھلا كۆزۈڭدىن.
سۆيمەي دېسەم سۆيدۈردۈڭ مېنى،
نۇر ياغدۇرۇپ ئانار يۈزۈڭدىن.

بىز تونۇشقان شۇ كۈندىن بېرى
مەجنۇن كەبى ئۆتمەكتە كۈنلەر.
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ نېرى
ئاي جامالىڭ، ئۇيقۇسىز تۈنلەر.

## مەن سېغىنسام سېنى ئەي نىگار

مەن سېغىنسام سېنى ئەي نىگار،
سۈرىتىڭگە قارايمەن ئۇزاق.
ئۆتۈلگەچكە قەدرىڭ شۇ قەدەر،
كۆرۈنسەن كۆزۈمگە ئوماق.

كۆرۈنسەن كۆزۈمگە ئوماق،
يۈرىكىمنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ.

مۇنچە دەردكە سالغۇچە مېنى،
جاننى ئالغىن بىرنى سۆيدۈرۈپ.

## ئوتتۇك تۇتۇپ قالدىمۇيا، بىلمىدىم

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ چىقساڭ ئەي جانان،
ساڭا ئوتلۇق كۆزۈم بىلەن قارايمەن.
ئېقىمىڭدا مەجنۇنتالدەك تولغانغان،
چاچلىرىڭنى سۆيگۈم بىلەن تارايمەن.

ئوتتۇك تۇتۇپ قالدىمۇيا، بىلمىدىم،
كۆرسەملا ئاھ... يۈرەك شۇئان ئېچىشار.
زادى قاچان ئېيتقىنا ئەي دىلبىرىم،
كۆزلىرىمىز بىر نۇقتىدا ئۇچرىشار.

## مېنى «ساراڭ» دېمىگىن جانان

مېنى «ساراڭ» دېمىگىن جانان،
كىرىڭۋالسام ئارقاڭغا دائىم.
بىر كېسەلگە بولدۇم گىرىپتار،
كۆككە يەتتى پەريادۇ ئاھىم.

ساڭا ئېيتىش بىھاجەت ھازىر،
سورىمىغىن سەن مەندىن بۇنى.
قىلىپ قويدى ئىشقى - پىراقىڭ،
ئوتتا كۆيگەن پەرۋانە مېنى.

سېنى كۆرسەم ئەي ساھىبجامال،
كېتەر يۈرەك رىتىمى ئىتتىپ.

ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىمەن ياس،
كۆزلىرىمنىڭ قارىچۇقى قېتىپ.

ئالدىڭدا بۇ تىلىم بولۇپ لال،
سۇرەلمەيمەن ۋە ياكى زۇۋان.
پىراقىڭدا قىيىنىماي مېنى،
ھالىمغا بىر يەتكىن ئەي جانان.

قويما مېنى ھەسرەتتە ـ داغدا،
يىراقلارغا كېتىپ، ئەي جانان.
يۈرىكىمنى قورۇما ياغدا،
پىراقلارغا سېلىپ، ئەي جانان.

مىسكىن دىلىم ئازاب ـ كۆلپەتتە،
ئۆرتەنمىسۇن كۆيۈپ كۆل بولۇپ.
ھېسداشلىق قىل مېنىڭ دەردىمگە،
ياشلىق گۈلۈم كەتمىسۇن سولۇپ.

## ئەي نىگار ۋەسلىڭگە يېتىمەن قاچان

ئەي نىگار سېنى مەن كۆرگەندىن بېرى،
بىلمىدىم مەجنۇنغا ئايلىنىپ قالدىم.
جامالىڭ ئېسىمدىن چىقمىغاچ ھەرگىز،
ئۈمىدنىڭ تورىغا باغلىنىپ قالدىم.

تەلمۈرۈپ يولۇڭغا قارىدىم ئۇزاق،
ئېيتقىنا، ۋەسلىڭگە يېتىمەن قاچان.
ئازابتىن ئۆرتىنىپ مۇڭلاندى يۈرەك،
يىلىنجاپ قالدى بۇ دىلدىكى ئارمان.

چىرايىم ساماندەك سارغىيىپ كەتتى،
يولۇڭغا ئۇمىدنىڭ كۆزىدە بېقىپ.
دەرد - ئەلەم قەلبىمنى بەكمۇ غەش ئەتتى،
يۈرەكتە بىر ئاتەش گۇلخاندەك يېنىپ.

## ئۇنتۇلغان سۆيگۇ

ئۇنتۇغانتىم سېنى ئەي نىگار،
ئەمما بۈگۈن قالدۇق ئۇچرىشىپ.
ئوتلۇق كۆزلەر بېقىشتى قاناي،
تۇرۇپ قالدۇق بىردەم مۇڭدىشىپ.

تۇرۇپ قالدۇق بىردەم مۇڭدىشىپ،
شۇ تونۇشقان كۈنلەرنى ئەسلەپ.
ئاشۇ چاغدا سۆيمىگەنمىدىم،
ئەي نىگارىم مەن سېنى دەسلەپ.

ليكىن تەقدىر باقماي ئوڭ كۆزدە،
تىنىقىمىز بولالمىغان بىر.
بولدۇڭ ئەمدى ئۆزگىگە تالىق،
پاك سۆيگۈمىز بولۇپ قالدى سىر.

## يەر تېگىدىن باقمىغىن جانان

يەر تېگىدىن باقمىغىن جانان،
يۈرىكىمگە ئۆچمەس ئوت سېلىپ.
يېتەر ئاشۇ قىينىغىنىڭمۇ،
ھىجرىڭ بىلەن يۈرەكنى تىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

چېھرىم سولغۇن، ھالىمدىن كەتتىم،
قالمىدى ھېچ تەندە ماجالىم.
تاپقىن ئۆزۈڭ دەردىمگە داۋا،
ئەي باغرى تاش ساھىبجامالىم.

كۈنۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ مېنىڭ،
مەجنۇنلارچە خىيال ئىلكىدە.
«يا كۆزۈمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن»،
يوقتۇر ئارام بۇ جان مۈلكىدە.

ئىشقى ئوتۇڭ ئۆرتەپ يۈرەكنى،
مېنى بەكمۇ قىلدىڭغۇ سەرسان.
مىسكىن دىلنى سېھرىلەندۈرۈپ،
پەيدا قىلدىڭ كۆڭلۈمدە غەليان.

## بىز ئويندۇق مۆكىمۆكىلەڭ

باغ ئارىلاپ ئىككىمىز جانان،
ئويناپ كۈلدۇق مۆكىمۆكىلەڭ.
سەن گۈلزارغا ئالغانىدا مۆكۈپ،
مەن ئىزدىدىم سېنى، سىلىپ زەڭ.

تاپالمىدىم شۇنچە قىلىپمۇ،
چىمەنلەرنى ئاختۇرۇپ ئۇزاق.
غۇژمەك سەبدە ئارىسىغا سەن،
مۆكۈۋاپسەن ئەمەسمۇ بىراق.

يۇلۇپ ئالدىم گۇلزاردىن سېنى،
خۇددى گۇلدەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭ.
قوڭغۇراقتەك كۈلۈپ ئەي نىگار،
بۇ كۆڭلۈمنى بەكمۇ شاد ئەتتىڭ.

سېنى ئاخىر قولۇڭدىن تۇتۇپ،
ئېلىپ قاچتىم گۇللۈكتىن نېرى...
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ پەقەت،
گۇلزاردىكى سۆيگۈنىڭ سىرى.

## شەيدا بولۇپ ئۇتلۇق مېھرىڭگە

ئەي دىلبىرىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا،
كەتتى يۈرەك خۇن - زەرداب بولۇپ.
كېلىشكەن بۇ بەستى - قامىتىم،
سولدى قاقشال دەرەختەك قۇرۇپ.

كۆزلىرىڭدە نېمە خىسلەت بار،
قىلۇر مېنى مەپتۇن - مەھلىيا.
ياپراق كەبى تىترەر ۋۇجۇدۇم،
كۆرسەم سېنى شۇئان دىلرەبا.

كۆرسەم سېنى شۇئان دىلرەبا،
يۈرەكتە ئوت لاۋۇلداپ يانار.
ئازاب ھەمدە خورلۇقتا قالغان،
قەلبىم قاچان مېھرىڭگە قانار.

## پىراقىڭدا كۆيدۈم كۈل بولۇپ

جامالىڭنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن،
باردىم قانچە مەلەڭگە جانان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

لېكىن سەن ھېچ چىقمىدىڭ ئۆيدىن،
كۆڭلۈم مېنىڭ بولدى پەرىشان

شۇنداقتىمۇ بولۇپ بىتاقەت،
تەلمۈردۈمەن يولۇڭغا ئۇزاق.
ئۇلغايدى بۇ قەلبىم قەسرىدە،
ساڭا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياق.

يۈرەكلىرىم بولدى خۇن - زەرداب،
يىراقىڭدا ئەي سۆيۈملۈك يار.
ئايجامالىڭ، شەھلا كۆزلىرىڭ،
مېنى بەكمۇ قىلدى ئىنتىزار.

قاچانغىچە ئىشقى ئوتۇڭدا،
كۆيۈپ مۇنچە بولىمەن سەرسان.
گەر يەتمىسەڭ مېنىڭ ھالىمغا،
كۆڭۈل قەسرىم بولىدۇ ۋەيران.

ئىزدىمىگىن مېنى جانانىم،
كۆزلىرىڭگە كۆرۈنمەي كېتەي.
دەشتۇچۆلنى، دەريا بويىنى
كېزىپ، مىسكىن دىلنى خۇش ئېتەي.

# جامالىڭنى كۆرۈپ خىيالەن

چۈشلىرىمدە قەدىرلىك نىگار،
سېنى يات - يات تۇردۇم ياد ئېتىپ.

جامالىڭنى كۆرۈپ خىيالەن،
تۇرۇپ كەتتىم ھەيكەلدەك قېتىپ.

بىز تونۇشقان كۈنلەرنى ئەسلەپ
يۈرەك - باغرىم بولدى مىڭ پارە.
قاچانغىچە سېنىڭ ئارقاڭدا
مەن يۈرىمەن بولۇپ ئاۋارە.

نېمىشقىمۇ كۆيگەن بولغىيتتىم،
ساڭا ئاشىق - بىقارار بولۇپ.
يىراقىڭدا رىيازەت چېكىپ،
ياشلىق گۈلۈم كەتتىغۇ سولۇپ.

## سېھىرلىك مۇھەببەت

قاشلىرىڭىز ئەگىم ئاي ئىكەن،
كۆزلىرىڭىز گوياكى بۇلاق.
لەۋلىرىڭىز ئانارنىڭ ئۆزى،
سىز ئەجەبمۇ چىرايلىق، ئوماق.

سۆزلىرىڭىز بەك شېرىن - تاتلىق،
ناز - جىلۋىڭىز ئۈنىڭدىن ئېسىل.
ھەتتا جەننەت پەرىلىرىمۇ
سىزنى كۆرسە بولىدۇ خىجىل.

نازاكەتلىك بابىدا سىزدەك،
ساھىبجامال يوقتۇر جاھاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەنمۇ كۆرگەن نى - نى قىزلارنى،
ئەمما يۈرەك كۆيەر ئارماندا.

سىزدىكى شۇ سېھرىي كارامەت
مېنى ئاخىر قىلىپ قويدى كېسەل.
مۇنداق دەردنى تارتقاندىن كۆرە،
كەلسە ئىدى بېشىمغا ئەجەل.

## سۆيگۈ تۇمارى

رەڭگىم سامان بورىيادۇرمەن،
كەلدىم يەرگە مەيدەمنى يېقىپ.
خۇددى قىلدەك تولغىنادۇرمەن،
تۇڭلۇكۇمدىن ئايغىلا بېقىپ.

ئاينى كۆرسەم بىردەم بولسىمۇ،
كۆڭۈل رەنجىم تاپىدۇ ئارام.
ئاي چىقمىغان تۈنلىرى يارىم،
ھالىم ئۇسال، كۆڭلۈم بىئارام.

چۈنكى ئايدىڭ ئاخشىمى سېنى،
قانماي ئۇزاق باغرىمغا باسقان.
سۆيگۈمىزگە گۇۋاھ بولسۇن دەپ،
بوينۇڭغا مەن تىلتۇمار ئاسقان.

## سەن يېگانە، تەنھا بىر پەرى

سەن يېگانە، تەنھا بىر پەرى،
مەن ئۇچراتقان قىزلار ئىچىدە.

ئېسىمدىن ھېچ چىقماس جامالىڭ،
مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىدە.

كۆڭۈل رەنجىم تاپىدۇ ئارام
سۈرىتىڭنى ھەربىر كۆرگەندە.
مۇرادىمغا يېتەتتىم جانان،
لەۋلىرىڭگە قېنىپ سۆيگەندە.

نېسىپ بولار بىزگىمۇ قاچان،
ئەي نىگارىم ۋىسال ئاخشىمى.
قۇتلۇق كۈننى قىلىپ تەنتەنە،
ياڭرىتارمىز ئوتلۇق ناخشىنى.

يۈرەكتىكى پىنھان گەپلەرنى
قىلىشارمىز قاچانمۇ ئەركىن.
دەرد - پىراققا، ئازابقا تولغان
كۆڭلىمىزگە بېرەرمىز تەسكىن.

1990 — 1991- يىللار



# تىل ۋە دىلنىڭ بولغاندا ئوخشاش

تىل ۋە دىلنىڭ بولغاندا ئوخشاش،
سېنى ئىززەت قىلاتتۇق دائىم.
ئولتۇرغۇزۇپ سورۇندا تۆرگە،
مۇڭدىشاتتۇق قىزغىن، مۇلايىم.

لېكىن نەگە بارساڭ غەيۋەتنىڭ
ئۇرۇقىنى ئارىغا چاچساڭ؛
ياخشىلارنىڭ قەلبىگە دائىم
تۆھمەتتىن ئوق، زەمبىرەك ئاتساڭ.

سېنى قانداق ئادەم ئاتايمىز،
ۋە قانداقچە قىلىمىز ئىخلاس.
سەندەك ئىككى يۈز بىلەن ياشاش،
بىلسەڭ پەقەت ھايۋانغىلا خاس.

1991 - يىل دېكابىر، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# سۆيگۈ قەسىدىسى

سۆيگۈ ئۇلۇغ ئالەمدە، سۆيگۈ ئۇلۇغ،
سۆيگۈ بىلەن گۈللەيدۇ بارچە كائىنات.
سۆيگۈ بىلەن دىل يورۇق، كۆڭۈللەر توق،
سۆيگۈ دېگەن ئادەمگە گويا قانات،
سۆيگۈ ئۇلۇغ ئالەمدە، سۆيگۈ ئۇلۇغ،
ئۇنىڭ بىلەن دىل يورۇق، كۆڭۈللەر توق.

سۆيگۈ بىلەن نۇرلىنار ئاسمان - زېمىن،
سۆيگۈ بىلەن شېرىندۇر هايات شۇنچە.
سۆيگۈ بىلەن مىسكىن دىل تاپار ئەمىن،
سۆيگۈ بىلەن باغلاردا كۈلەر غۇنچە.
سۆيگۈ بىلەن نۇرلىنار ئاسمان - زېمىن،
ئۇنىڭ بىلەن مىسكىن دىل تاپار ئەمىن.

سۆيگۈ بىلەن سائادەت ئاچار قۇچاق،
سۆيگۈ بىلەن مۈشكۈللەر بولىدۇ هەل.
سۆيگۈ مەشئەل، سۆيگۈ ئۇ ئالتۇن بۇلاق،
سۆيگۈ سېھرى قىلىدۇ هەممىنى تەل،
سۆيگۈ مەشئەل، سۆيگۈ ئۇ ئالتۇن بۇلاق،
ئۇنىڭ بىلەن سائادەت ئاچار قۇچاق.

سۆيگۈ قەدىر - قىممەتتە بىباھادۇر،
شۇنچە قىيىن ۋەزىنىنى ئۆلچىمەكمۇ.
تەنگە داۋا، كۆزلەرگە تۇتىيادۇر،
قىيىن ئۇنى تەرىپلەپ كۈيلىمەكمۇ.
سۆيگۈ قەدىر - قىممەتتە بىباھادۇر،
تەنگە داۋا، كۆزلەرگە تۇتىيادۇر.

سۆيگۈ بىلەن ئېچىلار كۈلۈپ چىمەن،
سۆيگۈ بىلەن يېڭىلىق بولۇر ئىجاد.
سۆيگۈ بىلەن شادلىنىپ يايرايدۇ تەن،
سۆيگۈ بىلەن ئەل - ۋەتەن تاپار نىجات.
سۆيگۈ بىلەن يېڭىلىق بولۇر ئىجاد،
سۆيگۈ بىلەن ئەل - ۋەتەن تاپار نىجات.

سۆيگۈ شەپقەت يامغۇرى، يۇيار دىلنى،
ئۇنىڭ بىلەن ساقلانماس غۇبار - ئىللەت.
سۆيگۈ خىسلەت مېۋىسى، يازار تىلنى،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆم - ئىناق ۋەتەن، مىللەت.
سۆيگۈ بىلەن ساقلانماس غۇبار - ئىللەت،
سۆيگۈ بىلەن ئۆم - ئىناق ۋەتەن، مىللەت.

سۆيگۈ بىلەن نۇسرەتكە چۆمەر ئالەم،
سۆيگۈ بىلەن كۈلىدۇ ئارزۇ - ۋىسال.
سۆيگۈ بىلەن ئۈمىدۋار ياشار ئادەم،
سۆيگۈ بىلەن باغرىنى ئاچار ئىقبال.
سۆيگۈ بىلەن نۇسرەتكە چۆمەر ئالەم،
سۆيگۈ بىلەن ئۈمىدۋار ياشار ئادەم.

1992 - يىل يانۋار، قەشقەر



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شائىرغا

## ( مۇسەللەس )

ئىزدىنىپ ھارماي، داۋاملىق ئوت يۈرەك پالۋاننى ياز،
جەڭ - چېلىش قاينامىدا تىز پۈكمىگەن مەرداننى ياز،
ئەل - ۋەتەنگە مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپىلەر قاتقاننى ياز.

يەڭ تۈرۈپ ئەلنى ئادالەت - ھۆررىيەتكە ئۈندىگەن،
جەڭ ئۈچۈن مەردلەرنى قوزغاپ، كەلگۈسىنى كۆزلىگەن،
قەلبى ئەخمەتجان مەسەللىك ئەرك سۆيەر ئىنساننى ياز.

بۇ ئەزىز گۈلشەن دىيارنى پاسىباندەك قوغدىغان،
ھەر قەدەمدە ۋەھشىي دۈشمەننى جىنىدىن ئايرىغان،
قەھرىمان سادىرغا ئوخشاش غالىبان ئوغلاننى ياز.

قىزغا خاس ئەخلاق، غۇرۇرنى ئۆز جېنىدەك ساقلىغان،
ئەندىشە قىلماي ئۆلۈمدىن، ياۋنى ئۆرتەپ تاشلىغان،
ئەل قىزى رىزۋان، نوزۇكتەك چاقنىغان چولپاننى ياز.

ئەرك يولىدا قانچىلار قۇربان قىلىپ ئۆز جاننى،
تۆكتى ئاخىر بۇ ئانا تۇپراققا ئىسسىق قاننى،
سەن ئۇلارنىڭ شەنىگە پۈتمەس غەزەل - داستاننى ياز.

يەڭ تۆرۆپ كىردىڭ نىيازى، بۇ ئىجاد گۈلزارىغا.
قان ـ تەرىڭ بىرلە ھۆسن قوشقىن ۋەتەن رۇخسارىغا.
ئەل ئۈچۈن ئىقبال ـ سائادەت يولىنى ئاچقانىنى ياز.

1984 ـ يىلى قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتلۇقنامە

# سەن بىز ئۇچۇن تەۋەررۇك ئىنسان

(ئۇستاز هاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئىجادىيىتىنىڭ 40
يىللىقىغا هۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

قىرىق قىش - ياز ئۆتتى بېشىڭدىن،
كەچمىشلەرنى ئەسلەتتىڭ بىر - بىر.
ئىجادىيەت مۇساپەڭدىكى —
ئىزگۇ هېسلار بولۇپ قالدى سىر.

هالقىپ ئۆتتۇڭ قانچە داۋاندىن،
مۇشكۇللەرنى يەڭدىڭ تۇرۇپ دەس.
قەلەم سۇناس قورالىڭ بولدى،
ئىلگىرىلىدىڭ ئالغا زەبەردەس.

ئىجادىڭدىن تىكلىدىڭ ئاخىر
ئەل - ۋەتەنگە بۈيۈك ئابىدە.
قۇتلۇقلىدۇق شان - شۆھرىتىڭنى،
باغلاپ ساڭا يۈكسەك ئەقىدە.

www.uyghurkitap.com

ئالەمشۇمۇل شادلىقتا چۆمدۈڭ،
مەرىكەڭدىن سۆيۈنگەچ بۇ جان.
ياغدى ئالقىش - تەنتەنە، ھۆرمەت،
سەن بىز ئۈچۈن تەۋەررۈك ئىنسان.

ئىجادىڭدىن قالدى ئەل - يۇرتقا
كاتتا بايلىق، كاتتا بىر شۆھرەت.
ئاشۇ ئۇلۇغ تۆھپەڭ بىلەن سەن،
تاپ يەنىمۇ كامالى ھۆرمەت.

2002- يىل 9- ئاي

## قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز

(شائىر ئابدۇللا ياقۇپ ئىجادىيىتىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز ئەي مۆھتەرەم قەلەمكەش،
سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قىلدۇق بۈگۈن تەنتەنە.
بۈگۈن ئەزىز دوستلارنىڭ كۆڭلى خۇرسەن، بولدى شاد،
تۆھپىڭىزگە ئوقۇشۇپ چىن يۈرەكتىن مەدھىيە.

شېئىرخۇمار خەلقىمىزنىڭ سىزدىن دىلى شۇ ئىچكەچ،
ئەتىۋارلاپ، ھۆرمەتلەپ دائىم تۆرگە ئالاركەن.
ئىجادىڭىز قۇياشتەك قەلبلەرگە نۇر بەرگەچ،
تەگمەي ئېغىز ئېغىزغا پەخىرلىنىپ داڭلاركەن.

ئۆمىدىنى ئەل - يۇرتنىڭ يەردە ھەرگىز قويماستىن،
ئەجرىڭىزدىن يارىتىڭ بۈيۈك، نادىر كەشپىيات.
جەڭگە قايتا ئاتلىنىپ، زېھنىڭىزنى ئىشلىتىپ،
ئىز قالدۇرۇڭ ئىجادتىن ، ئەۋلاد سىزنى قىلسۇن ياد.

2001- يىل 10- ئاي

# شان-شۆھرىتىڭ كۈيلەندى كۈي-نەزمىدە

(شائىر، دراماتورگ ساھىت سادىق ئىجادىيىتىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

قۇتلۇقلىدۇق مەرىكەڭنى، تويۇڭنى،
قەلەمكەشلەر بۇ سورۇنغا جەم بولۇپ.
ھاياجاندىن سورۇن ئەھلى شادلاندى،
چىرايلىرى گويا گۈندەك نۇرلىنىپ.

ئىجادىڭغا يۈكسەك باھا بېرىلدى،
شان - شۆھرىتىڭ كۈيلەندى كۈي - نەزمىدە.
ساڭا چوڭقۇر ئىخلاس، ھۆرمەت - ئېھتىرام
ساقلىنىپتۇ ئەلنىڭ يۈرەك - قەلبىدە.

قىزنىڭ ساڭا بېغىشلانغان ئەشئارنى
ئوقۇغاندا كۆزلىرىڭگە ياش كەلدى.
گۈلدەستىلەر سۇنۇلغاندا زال ئىچى
خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرەندى.

شۇ «سەھرالىق كۈيئوغول»[1] نىڭ تويىدەك—
قىزىپ كەتتى بۇ توي شۇنداق كارامەت.
ئەل - يۇرتۇڭغا ئىجادىڭدىن مېۋە بەر،
ۋۇجۇدۇڭدا ئۇرغۇتۇپ كۈچ - جاسارەت.

2003- يىل 4- ئاي

[1] ئاپتورنىڭ شۇ ناملىق دراممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# كۆلدى ئارمان يۇرەك قېتىدىن

(شائىرە چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ «تاش ياپراق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن)

تۇيغۇڭدىكى ئوتلۇق بىر نىدا،
ئەشئار بولۇپ سالماقتا چۇقان.
پارتلاشقا ماگمىدەك ھەتتا،
چىڭقالماقتا تومۇرۇڭدا قان.

ئارمانلىرىڭ بىخلىنىپ يەنە،
چىمەنىستان قىلماقچى پەيدا.
ياغدۇرماقچى ئالقىش، تەنتەنە،
بولۇپ ساڭا سىرداشلار شەيدا.

دىل يورۇدى، نۇرلاندى زېمىن،
تېرەن ھېسلار تەۋەللۇتىدىن.
ئوكيانلارغا تامچىلاپ تېمىم،
كۆلەر ئارمان يۇرەك قېتىدىن.

«تاش ياپراق» قا چىقىپ ئولتۇرار،
ئارمانلىرىڭ بەدەشقان قۇرۇپ.
سەلكىنىدە ئاستا تەۋرىنەر،
چېھرى گويا كۈندەك نۇرلىنىپ.

2004- يىل 7- ئاي



www.uyghurkitap.com

# يەنە تاپ شانۇشەۋكەتنى

(ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزىنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن
كولدۇرما» ناملىق كىتابىنى كۆرگەندىن كېيىن)

قەلبلەر كۆكىگە سۇندۇڭ مىسالى ئىلمۇھېكمەتنى،
ياراتتىڭ تەرۇئەجرىڭدىن ئېلىڭگە تۆھپە-قىممەتنى.

ئەقىدە - ئېتىقادىڭدىن نامايان ئەيلىدىڭ ئەلگە،
يۈرەكلەر تۈشتىگە ئويدۇڭ ئاجايىپ نەقىش - زىننەتنى.

چۆمۈلدۈردۇڭ پاساھەتلىك پىكىرلەردىن ھاياجانغا،
ۋۇجۇدىڭدىن ئۇلۇغلاپ سەن بۈيۈك يىلتىزنى — مىللەتنى.

ئادالەت شەمشىرى ئۇردۇڭ خۇشامەت بىرلە نەيرەڭگە،
ئەقىلدىن تىل ياساپ ئۆتكۈر، سۆكۈپسەن رەزگى ئىللەتنى.

يېتۈك ئىدراك، تالانتىڭنى دىلىم قۇتلاپ ئوقۇر تەھسىن،
ئىلىم باغىدا تاپ يالقۇن يەنە شەۋكەتنى، نۇسرەتنى.

2001- يىل سىنتەبىر

www.uyghurkitap.com

# ساۋاقداشلىق رىشتى

رىشتىمىز باغلانغان مۇشتەھكەم،
يوق ئىدى ھىجرانلىق دەقىقە.
كۆڭۈللەر كۆڭۈلدىن سۇ ئىچكەن،
باغلانغان يۈكسەك بىر ئەقىدە.

ياتاقداش، پارتىداش بولۇپ بىز،
مېھرنى مېھرگە چاتقانتۇق.
ھاياتنىڭ دېڭىزى ئۆپقۇنلۇق
بولسىمۇ، بىرلىكتە ئاققانتۇق.

داشقازان تامىقى تەملىك
بولغاچقا، تالىشىپ يېگەن بىز.
ئۆيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ،
ۋىسالنىڭ پەسلىنى كۈتكەن بىز.

ئاخىرى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىپ،
ئۇچۇشتۇق يىراق بىر مەنزىلگە.
دىللاردا ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر،
كارۋان بىز بۇ مۇشكۈل سەپەردە.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى قايتىدىن
بىزنى بۇ سورۇنغا جەم قىلدى.
ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆڭۈلنى
يايرىتىپ دەريادەك سەل قىلدى.

ئىزدىشىپ ئۆتەيلى بىر ئۆمۈر،
بولساقمۇ يىراقتا - يېقىندا.
دولقۇنلۇق تارىمنىڭ سۈيىدەك،
ئاقايلى بىر دەريا - ئېقىندا.

2006- يىل سېنتەبىر، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مېھرىڭ ئىسسىق يۇرتكەنسەن خوتەن

## (سىكىل)

## ئىلھام بەخش ئەتتىڭسەن خوتەن

بوستانىڭدىن سالام بېرىپ كىرگىنىمدە،
كەل ئوغلۇم، دەپ قارشى ئالدىڭ ئېكرام بىلەن.
نۆۋىتىنىڭ ئىزلىرىنى كەزگىنىمدە،
قىزلار باقتى نازاكەتتە شۇنچە لەۋەن.

چىن مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت دېڭىزىغا
چۆمۈلدۈمەن ھاياجاندىن دىلىم يايراپ.
ياڭاقزارلىق، ئانارزارلىق باغلىرىڭغا
كىرگىنىمدە بۇلبۇل كەبى كەتتىم سايراپ.

كامالى بىر سەنئىتىڭنىڭ ئىپتىخارى
جۇلالىنىپ چاقناپ كەتتى سەندە ھەيۋەت.
مەشرەپ، مۇقام، لەپەر، چاقچاق پېشۋاسى
كۆرسەتتى ئاھ ئاجايىپ بىر زور ماھارەت.

چەكسىز ئىلھام، مەدەت بەخش ئەتتىڭ خوتەن،
شەيقىتىڭنى مەن بىر ئۆمۈر ئۇنتاي قانداق.

دىل بېغىمدا ئېچىلدۇردۇڭ مىڭلاپ چىمەن،
ياقتىڭ ئەجاد يولۇمغا بىر نۇرلۇق چىراغ.

## يۇرۇڭقاش بويىدا

سۆيگۈ ئاققان دەريا يۇرۇڭقاش،
ساھىلىڭدا تۇردۇمەن ئۇزاق.
ئىچتىم زىلال سۇيۇڭنى قېنىپ،
چاڭقاق دىلىم يايرىدى شۇنداق.

خوتەنلىكنىڭ سۆيگۈ - مېھرىنى،
ئانا دەريا قۇيدۇڭ دىلىمغا.
سەن تارىخنىڭ تىرىك شاھىتى،
ھېكمەتلەرنى سالدىڭ ئېڭىمغا.

ئابدۇراخمان، ھېبىبۇللادەك
باھادىرلار كەلدى ئېسىمگە.
ئەجدادلارنىڭ ئۆچمەس ئىش - ئىزى
نەقىش بولدى يۈرەك - قەلبىمگە.

## لايقا يېزىسىدىكى مەشرەپ

قىزىپ كەتتى تۇن يېرىمىغىچە،
ئۇسسۇل، مەشرەپ ئەۋجىگە چىقىپ.
سورۇن ئەھلى شادلاندى شۇنچە،
تاغ سۇيىدەك دولقۇنلاپ تېشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەدىمىي يۇرت كەلدى لەرزىگە
ساز - مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىدىن.
بۇ ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش مەڭگۇ—
ئەدىبلەرنىڭ چىقماس ئېسىدىن.

## ماھارەت

(خەلق سۆيگەن سەنئەتكار ئابدۇخېلىل
ئاخۇنغا بېغىشلايمەن)

نېمە خىسلەت باردۇر بىلمىدۇق،
ناۋا قىلغان دۇتار تارىدا.
ئاجايىپ بىر يۈكسەك ماھارەت،
كۆرسەتتىڭىز سەنئەت بابىدا.

ھەيرانۇھەس قالدۇقۇ ئوتلۇق
ناخشىڭىزنى قانماستىن ئاڭلاپ.
ئوبرازىڭىز قەلب كۆكىدە
چاقناپ كەتتى قۇياشتەك پارلاپ.

## دېھقان ئاكامغا

(بۇ شېئىرىمنى خوتەن دىيارىدىكى جاپاكەش دېھقانلارغا
ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

خىسلىتى كۆپ ئانا تۇپراققا،
مېھرىڭ بىلەن باغلاپ ئىشتىياق.

تەر ـ ئەجرىڭدىن قازىنىپ نۇسرەت،
دىل قەسرىگە ياقتىڭ نۇر ـ چىراغ.

ماڭلىيىڭدىن ئاققان كۆمۈش تەر،
كۈن نۇرىدا جۇلالاپ چاقنار.
قاداق باسقان قولۇڭدا بەخت،
سەندە ئۇرغۇپ تۇرار ئىپتىخار.

مۇنبەت زېمىن كۆلدى شادلىنىپ،
سەن يارانقان هالال نېمەتتىن.
پەخىرلەندى ئەجداد ۋە ئەۋلاد،
سەندىكى شۇ ئېسىل خىسلەتتىن.

هاياتلىقنىڭ ئىپتىخارىسەن،
ئەي قەدىرلىك تۆهپىكار ئىنسان.
تەرىپىڭنى كۈيلەپ بىر ئۆمۈر،
مەدھىيىلىسەم قالمايتتى ئارمان.

## سۈنمىسۇن قەلەم

(2001ـ يىل 7ـ ئايدا خوتەندە ئېچىلغان «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ۋە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىغا بېغىشلايمەن)

ئىجادكارنىڭ قورالى قەلەم،
قەلەم بىلەن جەڭگاهقا چىقار.
جەڭ ـ كۈرەشتە قەيسەرلىك بىلەن،
ياۋ كۆكسىگە تىغ ـ شەمشەر تىقار.

www.uyghurkitap.com

قەلەم بىلەن پۈتەر ئۇ تارىخ،
قەلەم بىلەن قۇچىدۇ ۋىسال.
ياراتقاندا يېڭى كەشپىيات،
ناز - جىلۋىدە باقىدۇ ئىقبال.

ئىجاد ئەھلى ئىپتىخارلىنار،
قەلەم بىلەن پۈتسە ئابىدە.
ئەجداد، ئەۋلاد كۈلۈپ شادلىنار،
تۆھپىكارغا باغلاپ ئەقىدە.

قەلەم بىلەن يارىلار قامۇس،
قەلەم بىلەن تىكلىنەر شۆھرەت.
قەلەم بىلەن يەتتە ئىقلىمغا
قۇياش كەبى تارقىلار نۇسرەت.

## خوتەن گۈزىلىگە

(ئۇستازىم ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ
شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

سېنى كۆرگەنلىكىم خىيالىي بىر تۈيغۇغا ئوخشايدۇ،
دىدىم ياكى سەھەرلىك چۈشكە باي ئۇيقۇغا ئوخشايدۇ،
سىياقىڭ ئاق بىلىقتا، كۆلدىكى ئاققۇغا ئوخشايدۇ،
نىگارا، سەيلىتىپ يۈرگەن چېغىڭ ئاھۇغا ئوخشايدۇ،
قىيا باققاندىكى جىلۋەڭ سېھىر - جادۇغا ئوخشايدۇ.

ناماياندۇر پۈتۈن ئىقلىمدىكى ئۈزلۈك سىياقىڭدا،
شۇڭا كۆرسە سېنى كىمكى بولۇر بىھوش پىراقىڭدا،
سېھىرلەيسەن جىمى جاننى تاراتقان خۇش پۇراقىڭدا،

باھارنىڭ ھۆسن ياكى جىلۋە ئەيلەيدۇ جامالىڭدا،
گۈزەل چېھرىڭ چىمەنلىك باغدىكى گۈلرۇغا ئوخشايدۇ.

ئەجەب كويلارغا سالدىڭ ئىختىيارىمنى قامال ئەيلەپ،
غۇرۇرۇمنى ئاياغ ئاستىمدىكى خەستەك بىسىپ - چەيلەپ،
يۈرەرمەن كۈزدىكى ياپراق كەبى ھەريان ئۇچۇپ - لەيلەپ،
جۇنۇن دەشتى ئارا كەزدىم نىسىپ بولغاي ۋىسالىڭ دەپ،
يۈرەك تەشناسىدا ئىشقىڭ شىپالىق سۇغا ئوخشايدۇ.

دىلىم يادىڭنى تەرك ئەتمەي كۈنىگە مىڭ خىيال ئەتتى،
سېنى قانداق سېھىرلىك كۈچ مۇشۇنچە گۈلجامال ئەتتى،
گۈزەل باغىڭدا قوش ئالماڭ قاچاندا ۋايىغا يەتتى،
ئەسىر قىلدىڭ ئۆزۈڭگە ئىختىيارىمنى، ھوشۇم كەتتى،
مىسالى تەندە جان دامىڭغا چۈشكەن ئوۋغا ئوخشايدۇ.

ئازاب چەكمەي ئىشق ئەھلى كۆلەلمەسكەن ئاسانلىقچە،
تىكەنلىك گۈلنى گۈلزاردىن ئۈزەلمەسكەن ئاسانلىقچە.
بۇ ھېكمەتنى نادان باشلار بىلەلمەسكەن ئاسانلىقچە،
لېكىن سۆيگۈ قۇشى ئىندەككە كەلمەسكەن ئاسانلىقچە.
ئۇ دان ئالدىدا قۇشقاچتىنمۇ بەكرەك قۇۋغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# يوپۇرغا سەن سۆيۈملۈك ماكان

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

جامالىڭنى كۆرۈپ يوپۇرغا،
قوزغالدى بۇ دىلدا ئىپتىخار.
تەرىپىڭنى كۈيلەپ، شېئىرىمدىن—
گۈل بويۇڭغا ئاساي تىلتۇمار.

## سۆيۈملۈك ماكان

يوپۇرغا سەن سۆيۈملۈك ئانا ماكان،
پاك قەلبىم، ۋۇجۇدۇمنى قىلدىڭ ئەسىر.
مەئىشەت - نېمەتلەردىن سۆيۈندى جان،
كۆرۈشكە جامالىڭنى بەردىڭ ئەمىر.

ئاسفالت يوللىرىڭدا مېڭىپ ئەركىن،
چۆمۈلدۈم تۈگىمەس بىر ھاياجانغا.
كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم تويماي بېقىپ،
تەلمۈرۈپ قارىدىم بۇ گۈزەل جايغا.

ئىزگۈ ھېس تاراپ كەتتى يۈرەكلەرگە،
تۈگىمەس ئىلھامغا باي قىلدىڭ مېنى.
مېھرىڭگە قېنىۋالاي ئاچقىن قۇچاق،
كۆزۈمگە تۇتىيادەك سۈرتەي سېنى.

## ئۇزۇمزاردىكى بەزمە

ئارامگاھقا يىغىلدۇق بىر كۈن،
ئۇستاز، ئەدىب، شائىر بولۇپ جەم.
جەننەت كۆچۈپ كەلگەندەك بۇندا،
بولدى پەيدا گۈلزار - باغ ئىرەم.

دۇتار، تەمبۇر ئەۋجىگە چىقسا،
مۇشائىرە قۇچتى پەلەكنى.
كۈلكە - چاقچاق، يۇمۇر، لەتىپە
تېلىقتۇردى ھەربىر يۈرەكنى.

## ئاھۇ كۆز قىزلار

دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى قىزلار،
شەرم - ھايا، ناز - جىلۋە بىلەن.
زىلۋا بەدەن، قەددى - قامەتلىك،
يوق چېھرىدە قىلچىلىك ئېۋەن.

قېشى ئەگىم ئاينى ئەسلىتەر،
كۆزى ئاھۇ، يۈزلىرى ئانار.
سېھىرگە باي، خۇلقى ئادەمنىڭ—
دىلىنى ئۆرتەپ، جېنىنى ئالار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دېهقان ئۆيىدە

يوبدان ئىچتۇق دېهقان ئۆيىدە،
تېتىپ كەتتى بۇ تائام بەكلا.
لەززەت تاراپ تومۇر- تومۇرغا،
ئىچكەنسېرى قانمىدۇق ئەسلا.

دېهقان تاغام چېھرىدە كۈلكە،
جىلۋىلەندى ئاشمىغاچ تائام.
يېگەندەك بىز بىر قوي گۆشىنى،
خۇرسەن بولدۇق، سۆيۈندى بۇ جان.

## ئاق كۆكچى

قوغۇنلىرى ئوخشىغان دېهقان،
ساتمىغىلا باشلىدى بىزنى.
ئاق كۆكچىنى «ۋاككىدە» پىچتى،
تەمى ياردى ھەتتاكى تىلنى.

قوغۇننى يەپ ئايلاندۇق بىر پەس،
ئېتىزلىقتا چۆنەك ئارىلاپ.
«بۇلتۇرقىدىن ئوخشىدى بۇ يىل»،
دېدى دېهقان قوغۇننى داڭلاپ.

## داۋاكول

سۆيۈنگە چۆمۈلدۇق، تەنلەر يايرىدى،
قۇمۇڭغا كۆمۈلۈپ تەرلەندۇق ئۇزاق.

پاكلاندى ۋۇجۇدلار، دىللار سۆيۈندى،
كۆچ - قۇۋۋەت ھەدىيە قىلدى بۇ تۇپراق.

«داۋاكۆل» بىزگە بىر تېببىي گۈلزاردەك
بىلىندى، ھەر گۈلى قۇمدا ئېچىلغان.
ئۈنىڭكى شىپالىق نۇرى خەلقنىڭ
قەلبىگە گوياكى چاقناپ چېچىلغان.

## خاتىمە

يوپۇرغا تەرىپىڭ كۆپتۇر زىيادە،
بۇ چولتا تىلىممۇ قالدى كېكەچلەپ.
بار ئىكەن سېنىڭدە يۈكسەك ئىرادە،
ياشىغىن مەڭگۈگە گۈللەپ - چېچەكلەپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# غەزەللەر

1

باھاردىن كۆچ ئېلىپ دىلبەر ئېتىزلىقتا چىقىپ كەلدى.
ھاياتقا سۆيگۈسى گويا قىيان سۇدەك ئېقىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئىشچان سىياقىغا بولۇپ مەپتۇن چىمەن گۈللەر،
«بۇ ياققا خۇش كېلىپسىز» دەپ سالام بىرلە بېقىپ كەلدى.

ئېتىز - قىرلار، چىمەن باغلار قۇچاقىن ئاچتى مەشۇقتەك،
سۈزۈك سۇلار ئاڭا ئاشىق كەبى باغرىن يېقىپ كەلدى.

گۈزەل كۆكلەم ھۆسن قوشقاچقا بۇ ئالتۇن دىيارىمغا،
ئۇنىڭ شەنىگە بۇلبۇللار يېقىملىق كۈي قېتىپ كەلدى.

باھارنىڭ شامىلى ھەريان چېچىپ خۇشبۇي پۇراقلارنى،
ئىجادنىڭ كۆكىدە لاچىن كەبى پەرلەر قېقىپ كەلدى.

باھارنىڭ ئىشقى دىللارغا نەقىش ئەيلەپ گۈزەللىكنى،
تۇمەن خىل مەۋجۇداتلارنى گويا ئاشىق ئېتىپ كەلدى.

قاراپ گۈلگە، چېچەكلەرگە نىيازى شادلىنىپ شۇ دەم،
باھارغا سوۋغا بولسۇن دەپ نورۇزنامە يېزىپ كەلدى.

2

ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق، ۋەتەننى سۆيگىنىم بەختىم،
ۋەتەن ئىشقىدا مەجنۇندەك ئۆمۈرلۈك كۆيگىنىم بەختىم.

ۋەتەن باقتى بېرىپ ئاق سۈت، قىران ئوغلان بولۇپ ئۆستۈم،
ئادا قىلماققا بۇرچۇمنى بىلەكنى تۈرگىنىم بەختىم.

ئۇنىڭ قوينى ماڭا جەننەت، شۇڭا چىمدىم توپاسىنى
ئىپارھەم مۇشكى - ئەنبەردەك كۆزۈمگە سۈرگىنىم بەختىم.

شەرەپ - شان كەلتۈرۈش ئەلگە ۋەتەن پەرزەنتىنىڭ قەرزى،
بولۇپ كارۋان سەپەر، جەڭدە ئېغىر يۈك يۈدۈگىنىم بەختىم.

ۋەتەن بەختى مېنىڭ بەختىم، ئۇنىڭسىز تەلىيىم يوقتۇر،
ئۇنىڭغا جان پىدا ئەيلەپ تۆكۈپ تەر ئۆتكىنىم بەختىم.

3

دىلىڭدىن سۆيگىنىڭ بولغاچ ئىلىم - ھېكمەت ، بۈگۈن ئۇستاز ،
ھالال ئەجرىڭ ئاتا قىلدى ساڭا نۇسرەت بۈگۈن ئۇستاز.

سېنىڭدىن كۈچ - ئەقىل تاپتى تۈمەنمىڭ ياش ئوغۇل - قىزلار ،
شۇڭا ئەل - يۇرت قىلۇر دىلدىن ساڭا ھۆرمەت بۈگۈن ئۇستاز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تارالغاچ ئىش - ئىزىڭ ئەلگە «چىۋەر باغۋەن» دېگەن نامنى
ياغار شەنىڭگە ھەريانىدىن شەرەپ، ئىززەت بۈگۈن ئۇستاز،

كىچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي پۈتۈن زېھنىڭنى سەرپ ئەتكەچ
مائارىپ قەدرىنى تاپتى بولۇپ جەننەت، بۈگۈن ئۇستاز.

ئىلىم - پەندىن بېرىپ ئوزۇق بوغۇنلارنى يېتىشتۈرسەڭ،
زەپەر قۇچۇپ ئانا يۇرتۇم تاپار قۇدرەت بۈگۈن ئۇستاز.

4

زىمىستان پەسلىدە كۈلپەت، ئەلەمگە كۆپ دۇچار بولدۇم،
ھاياتىمنىڭ چىمەن باغى سولۇپ، بى ئېتىبار بولدۇم.

چىقىپ كەلدى ئازابلار نەشتىرى روھىم، ۋۇجۇدۇمنى،
قاراڭغۇ تۈندە كۈن كۆرمەي، ناھارغا ئىنتىزار بولدۇم.

ھەقىقەت ئاپتىپى بىرلە چېچەكلەر ئاچتى ئارزۇيۇم،
تەبىئەت كۈلدى، جانلاندى، باھار بەھرىگە يار بولدۇم.

ئۇلۇغ بىر ئىپتىخار، تۇيغۇ دىلىمنى ئالدى ئىلكىگە،
ئىلىم - پەن دىلبىرىنىڭ نازىغا خۇشتار، خۇمار بولدۇم.

بىلىمنى باغلىدىم مەھكەم ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتمەككە،
بۇ كويىدا لەيلىگە ئاشىق جۇنۇندەك چۆلگە يار بولدۇم.

ئىلىم - ئىرپاندا ئەجدادىم جاھاننىڭ مەشئىلى بولغان،
بولۇپ پەرۋانە ئۆنىڭغا داۋامەت بىقارار بولدۇم.

ئىلىم - پەنسىز روناق تاپماس جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەرگىز،
بۇ يولدا جان پىدا ئەيلەپ ۋەتەنگە گۈل سۇنار بولدۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# تەخمىسلەر

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزىلىگە تەخمىس)

چىن گۈزەللىك بابىدا مەيلىمنى تارتقان قايدىسەن،
مەشئىلىدەك سۆيگۈنىڭ، قەلبىدە يانغان قايدىسەن،
نازىنىن خۇلق، جىلۋىسى كۆڭلۈمدە قالغان قايدىسەن،
ئەي ماڭا ئوتلار سېلىپ ئەقلىمنى ئالغان قايدىسەن،
باشىمە غەم ياغدۇرۇپ، كويلارغا سالغان قايدىسەن.

بەرمىدىڭ ۋىسال شارابىدىن، مېنى يار ئۇنتۇدۇڭ،
تاشلىدىڭ ھىجران چۆلىگە، شۇمىدى مەقسەت ـ ئويۇڭ،
بورىيادۇرمەن بۇگۈن، سالغاچقا ھەر كويغا ئوتۇڭ،
بارمىدى يا بىر ئۆچۈڭ، يالغۇز ماڭا يەتتى كۈچۈڭ،
يوقلىمايسەنغۇ كېلىپ، تۈنلەردە بالىخان قايدىسەن.

پەيلى شەيتان ئازدۇرۇپ، يوقلاش ساڭا ئار كەلدىمۇ،
يا تۈيۈق يولغا كىرىپ ئالدىڭغا چوڭ غار كەلدىمۇ،
بىلمىدىم، سىرداش بولۇپ مەندىن بۆلەك يار كەلدىمۇ،
بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمراھ بولۇش ھار كەلدىمۇ،
دەردى ـ دەۋران ئۈستىگە ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن.

ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ، كۆيگەننى ئىلىك ئالسىچۇ،
تەلمۈرۈپ شامۇسەھەر يۇرگەنلىكىمنى بىلسىچۇ،
ھىجرىدە كۆيدۈرگۈچە، باغرىمنى يارسا - تىلسىچۇ،
كۆيدۈرۈپ كۇل قىلغۇچە، سۆيدۈرۈپ قۇل قىلسىچۇ،
ئاقتى كۆزدىن ياش، بىغىرىدىن قىپقىزىل قان، قايدىسەن.

ۋەسلى - دىدارىڭنى كۆرمەي زارلىدىم، كەتتىڭ قايان،
تۈنلىرى شىرىن چۈشۈمدە بولغۇسى چىھرىڭ ئايان،
ئاي ۋە يۇلتۇزنىڭ نۇرى ھىچ بىر ساڭا يەتمەس ھامان،
سەنسىز زۇلمەتتۇر جاھان، نۇر ئىمەر سەندىن قاچان،
سەن ئۇچۇن تىكىلدى جان، بولمامسەن قالقان، قايدىسەن.

1982- يىل نويابىر، قەشقەر

## مىھرىڭنى بەر

(ئىبراھىم تۇردىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئۆرتىنىپ كۇل بولدى قەلبىم، ئەي نىگار رىشتىڭنى بەر،
سارغىيىپ سولدى چىرايىم، نەۋ باھار پەسلىڭنى بەر،
مۇپتىلا قىلماي ئازابقا، ماڭا بىر ۋەسلىڭنى بەر،
مەشۇقۇم بۇ ئاشىقىڭغا سەن بۈگۈن مىھرىڭنى بەر،
تاڭ سەھەردە سايرىدى بۇلبۇلۇڭ، ئىشقىڭنى بەر.

بۇ ھاياتتا سۆيگىنىم سەنلا پەقەت ئەي دىلبىرىم،
ئۆزگىلەرگە شۇڭا پىنھاندۇر كۆڭۈلدە ھىسلىرىم،
ھەر تىپىشسام دەيدىغان جىق بولمىسىمۇ بۇ سۆزلىرىم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن گۈلۈمنىڭ ھۆسنىنى قىلسۇن تاماشا كۆزلىرىم،
كىرپىكىڭدىن نۇر چېچىپ، قەلبىڭدىكى زەۋقىنى بەر.

باشتا قىلغان ۋەدىمىزنى تۈتىيا بىلسەڭ ئەگەر،
بۇ مۇقەددەس سۆيگۈمىزنىڭ غېمىنى يېسەڭ ئەگەر،
پاك ساداقەتكە مەڭگۈ جان پىدا قىلساڭ ئەگەر،
چىن يۈرەكتىن بۇلبۇلۇڭغا سەن ۋاپا قىلساڭ ئەگەر،
ئۆزگىلەرگە ناز قىلماي، شۇ بۇگۈن كۆڭلۈڭنى بەر.

ناز - كەرەشمەڭ بىرلە باقساڭ بۇ يۈرەك يايرايدىغۇ،
شادلىقىدىن بۇلبۇلۇڭ خەندان ئۇرۇپ سايرايدىغۇ،
قاغجىراق قەلبىممۇ ھەتتا سەن بىلەن ئىچمەمدۇ سۇ،
راستتىن بەرسەڭ كۆڭۈل، بۇ ۋەدىنىڭ ئىسپاتى شۇ،
سەن تەرەپكە تەلپۈنۈپ كەتتى قولۇم، بوينۇڭنى بەر.

بەس، يېتەر، ئىشقىڭدا خۇن بولدى ئەجەب بۇ خەستە دىل،
شۇڭا ھالسىزلىقتا كەلمەيدۇ زۇۋانغا ئۇشبۇ تىل،
شۇندىمۇ ھېچ ئۆزمىدىم رىشتىمىز بولغاچ ئىجىل،
يۇمىدى ھىجرىڭدە ئىبراھىم كۆزىنى شۇنچە يىل،
ئىنتىزار قىلماي ئۇنى سەن، شۇ بۇگۈن قوينۇڭنى بەر.

1986- يىل سېنتەبىر، قەشقەر

## ۋىسال ئۈمىدى

(ئەخمەت زىيائىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

نىگارا، باستى يەلكەمنى بولۇپ ھىجران - پىراقىڭ تاغ،
ۋىسالىڭ كۆرمىگەچ بولدى گۈلىستانىم خازانلىق باغ،

پىغاندا بولبۇلۇم كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا قالدى زاغ،
نېچۇك كۈن ئەردىكىم كىرپىكلىرىڭ باغرىمغا سالدى داغ،
چىرايىم سارغىيىپ بولدى خازان ۋاقتىدىكى ياپراق.

مېنى ئۆرتەپ پىراقىڭدا، قىلىپ كەلدىڭ داۋام سەرسان،
چۇشەنسەڭ گەر مۇھەببەتنى، ۋاپاسىزلىق قىلۇر گۇمران،
لېۋىڭ جامىدا مەي ئىچسەم دىلىمدا قالمىغاي ئارمان،
تىلەرمەنكى ۋىسالىڭ ئەيلىسە دەردىمگە بىر دەرمان،
پىراقىڭ ئىچرە جىسمىم تىترىمەكتە ھەر زامان لاغ - لاغ.

چۇشۇمدە مۇڭدىشىپ كەلدىم ئۆزۈڭ بولغاچ يېقىن سىرداش،
تۇتۇق بەرمەي ئازاب سالدىڭ مېھىرلىك شوخ كېيىك ئوخشاش،
ۋىسالىڭدىن ئۈمىد ئۈزمەي ياشاپ كەلدىم بېرىپ بەرداش،
خىيال قىلغانىدىم كۆڭلۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرگەي ياش،
تەئەججۇپ كۆز يېشىم بولدى بۇ ئوتنى ياندۇرۇشقا ياغ.

بىنا قىلدىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئىپار ھىدلىق گۈزەل گۈللۈك،
سېنى كۆرسەم شۇئان قەلبىم تاپار شادلىق، خۇمار كۆزلۈك،
تىلىڭدىن بال تامامدۇ بىلمىدىم، تاتلىق، شېرىن سۆزلۈك،
ئۆزۈڭ جان كۆيدۈرەر دىلبەر ئىرۇرسەن ئەي پەرى يۈزلۈك،
ئۈمىدىم شۇكى، بولغايسەن يامان كۆزدىن يىراق ھەم ساق.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۈتتۈم سېنى بىر كۈندە مىڭ مەررە،
ئەقىدەمنى چۈشەنمەستىن قويۇپ كەلدىڭ ھامان يەردە،
سەبىي قەلبىم ياساپ چىقتى ساڭا شاھلىق قەسىر زەردە.
كى تا بىر كۈن چۈشۈپ كۆڭلۈمگە سۆيگۈ ئوتىدىن زەررە،
ئەجەب ئەمەسكى بولساڭ بۇ زىيائىغا يېقىن بىر چاغ.

1992- يىل سېنتەبىر، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## سوراڭ

(سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

يار ئۇچۇن كۆيگەن يۈرەكنى ھۆرى - غىلماندىن سوراڭ،
سۆيگۈ بابىدا چىنىققان ئەرنى گۇلخاندىن سوراڭ،
ئىشقى دەرد سەۋداسىنى بولغاندىن سوراڭ،
جاندىن كەچكەن يىگىتنى يارى - جانىدىن سوراڭ،
شام ئوتىنىڭ پەيزىنى پەرۋانە غەمخاندىن سوراڭ.

مەرد، ساداقەتمەن يىگىتلەر لەۋزىدە مەھكەم تۇرار،
قەھرىدىن مەۋقەسى يوق نامەردلەرگە ئوقيا ئاتار،
بۇ سۆيەتلىك ئەرلەر يۈلتۈزدەك سامادا يالتىرار،
بىۋاپا شەرمەندىلەر ئەقىدىنى يەرگە ئۇرار،
چىن ۋاپانىڭ قىممىتىنى بىباھا جاندىن سوراڭ.

ئاز ئۇتۇقتىن مەست بولۇپ كۈلگەن ھاماقەتتىن قىچىلىك،
ئەيشى - ئىشرەت پەيزىنى سۈرگەن ھاماقەتتىن قىچىلىك،
تامچە سۇنى كۆل بىلىپ چۆمگەن ھاماقەتتىن قىچىلىك،
مەنلا بىر دۇنيادا دەپ يۈرگەن ھاماقەتتىن قىچىلىك،
ئەقىل - ئىدراك جەۋھىرىنى خەلقى جاھاندىن سوراڭ.

تۇلكىنىڭ پەيلىنى ئالغانلار كۆرۈنگەي بەكلا قۇۋ،
ئالدىدا ھى - ھى قىلىپ سۇنئىي كۈلەر يالغانچى ئۇ،
گۆشنى ئۆپكە كۆرسىتىپ داڭلايدىغان ساپساپچى ئۇ،
تىشى پال - پال، «ئاشنا» ئادەم ئەمەس، ئالدامچى ئۇ،

چىن مۇھەببەتنى چىن ئاشىق قىز ۋە ئوغلاندىن سوراڭ.

كىم گۈزەللىك شاھىغا بولسا ئەگەر راستتىنلا قۇل،
تەر تۆكۈپ بەختى ئۈچۈن ئاچسۇن توساقسىز كەڭرى يول،
شۇندا ئەجرى گۈل باھاردەك چاچقۇسى خۇش ھىدنى مول،
باغ ئىچىدە شوخ ئېچىلمىش رەڭمۇرەڭ مىڭلارچە گۈل،
ئاشۇ گۈلدىن قايسى ئۈز بۇلبۇل غەزەلخاندىن سوراڭ.

ئەلمىساقتىن بىز مۇقام ئەھلىگە بىلدۇرگەن سالام،
كۆي بىلەن ئۆتكەندۇر دىللار سۆيۈنۈپ شاد - خۇرام،
شۇ مۇقامغا جان بېرىپ ھازىر ئۈنى قىلدۇق داۋام،
ئاھ! غەزەل - نەغمە كىشىنىڭ كۆڭلىگە بەرگەي ئارام،
قەدرىنى سازنىڭ مۇقام ئۇستازى دەۋراندىن سوراڭ.

ئىزدىنىڭ بۇ يولدا دائىم، بولمىسۇن ئەندىشە - غەم،
ئۆرغۇسا غەيرەت - جاسارەت، بولمىغاي دىلدا ئەلەم،
يەڭگىسىز مۇشكۇل - خەتەرنى، قۇتلىغاي سىزنى سەنەم،
ئەي ئەزىزى، يول يىراق، بايقاپ بېسىڭ مەزمۇت قەدەم،
چۆل - باياۋان، تاغ-ئېدىرنى يولچى كارۋاندىن سوراڭ.

1992- يىل ئاۋغۇست، قەشقەر

## كەل سابا

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

مۇشكى ئەنبەردەك ھىدىڭ تەنگە داۋا، كۆپ قىينىما،
دىل بېغىمنىڭ نەۋ باھارى، مەرھابا، كۆپ قىينىما،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مېنى مەپتۇن ئەيلىگەن قاشى قارا كۆپ قىينىما،
تاقىتىم تاق بولدى، كەل - كەل ئەي سابا، كۆپ قىينىما،
كەل، جېنىم بولسۇن يولۇڭغا بورىيا، كۆپ قىينىما.

كەلمىدىڭمۇ ياكى يۈز ئۆرۈپ مېنىڭدىن ناز بىلەن،
كۆڭلى - قارىنىڭنى ئىچىپ يۈردۈڭمۇ ئۆردەك، غاز بىلەن،
بىر يولى كەتتىڭ جۆنەپ پەسلى باھار ھەم ياز بىلەن،
تاشلىدىڭ، كەتتىڭ بىغىمدىن تۇرنىدەك پەرۋاز بىلەن،
تۇرنىلارمۇ قايتتىغۇ، كەل بىۋاپا، كۆپ قىينىما.

چىدىغانسەن قاي تەرىقە مېنى تاشلاپ قاچقىلى،
سەن ئۈچۈن سەۋرى قاچامۇ قالدى ھەتتا تاشقىلى،
بۇ يۈرەك سەكپارە بولدى سەن بىلەن مۇڭداشقىلى،
مەن نېتەي سەندەك قاناتىم بولمىسا تاغ ئاشقىلى،
بىلمىدىڭمۇ بىر ئەسىرمەن، دىلرەبا كۆپ قىينىما.

ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى مەن تولغىنىپ بولدۇم گادا،
ئۆرتىدى تەن مۈلكىنى ئاتەش پىراق بولغاچ لاۋا،
دەردۇھىجرانغا داۋا يوقمۇ، پەقەت قادىر خۇدا،
ھېچ ئەسىر مەندەك قارا قىسمەتكە بولماس مۇپتىلا،
پۇت - قولۇم زەنجىردە، تىل سۆزدىن جۇدا، كۆپ قىينىما.

ئەي سابا بىلگىن شۇنى، ھىجرانغا مەن تۇغقان ئەمەس،
ئۆزگىلەرگە يۈرىكىم مېھرى بىلەن سوققان ئەمەس،
تاش يۈرەكلەر ھېچقاچان ئامەت، بەخت تاپقان ئەمەس،
باغلىسا پەرھاتنى خىسراۋ، ئاغزىنى بوغقان ئەمەس،
مەن ئۈچۈن ئىسمىڭنى ئېيتماقمۇ گۇناھ، كۆپ قىينىما.

مېنى دىشۋارغا سېلىپ ھىجران ئازابىڭ قىيندى،
تاقىتىم تاق بولدى، جانىنى ئىشق لاۋاسى ئۆرتىدى،

كۆزلىرىمنىڭ نۇرى قاچتى، ھېچ ئامالىم قالمىدى،
كەزسىمۇ چۆللەردە مەجنۇن، ئاھلىرى ئازاد ئىدى،
كاشكى بولسا شۇ باياۋان كەڭ دالا، كۆپ قىينىما.

ۋايىسماي كەلدىم چىداپ باسسا مۇشكۇللەر تېغى،
ئاخىرى كەتتى زىمىستان، ياشىندى كۆڭلۈم بېغى،
بىزنى قۇتلۇقلاپ بۈگۈن بولدى تەبىئەتمۇ سېخىي،
كەل سابا، كەل - كەل سابا، يەتتى مۇرۇۋۋەتنىڭ چېغى،
بولمىغاي زۇلمەتتە ئەل جاندىن جۇدا، كۆپ قىينىما.

1992- يىل ئىيۇل، قەشقەر

## سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ

(ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئايا دوستۇم، ئەمدى سەن ئويغانمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلىم - پەننىڭ جېڭگە ئاتلانمىساڭ بولامدۇ؟
داۋان ئاشماق قىيىن دەپ، باش قاشلىساڭ بولامدۇ؟
دەۋر ئالغا يۈكسەلدى، ياندىشمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلگىرىلەشتىن ئەيمىنىپ، يانپاشلىساڭ بولامدۇ؟

بىر چاغ يەرگە ئۆرۈلدى مەرىپەتنىڭ قىممىتى،
ئىلىم - ئىرپان ئەھلىنىڭ ھېچ بولمىدى ئىززىتى،
كەتتى ئۇ كۈن، ئۆرلىدى ئەلنىڭ غەيرەت - جۈرئىتى،
تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ كەشپىياتنىڭ سۈرئىتى،
تەلىيىمنى سىناي دەپ چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

يېتەلمەيسەن مەنزىلگە، تېز باسمىساڭ قەدەمنى،
غېرىب بولۇپ داۋام ئاش، كۆرەي دېسەڭ سەنەمنى،
شەرەپ بىلەن ئاقلىغىن ئەلگە بەرگەن قەسەمنى،
ئايدىن يۆتكەپ قەدەمنى، مارسقا تىكلەپ ئەلەمنى،
سەن ئۆزۈڭگە مۇناسىپ يول ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

يارىتىلغاچ كەڭ ئىمكان، نۇر چېچىلدى يولۇڭغا،
بىخۇدلۇقتا كۆز يۇمۇپ، ياتما مۆكۈپ بۇلۇڭغا،
ئەل قەھرىگە دۇچ كەلسەڭ كېلەلمەيسەن ھوشۇڭغا،
قەلەم ئالماي قولۇڭغا، قوشۇلماستىن قوشۇنغا،
ئىجادكارلار ئىشىغا كۆز تاشلىساڭ بولامدۇ؟

ئۇرغۇپ خەلقىم غەيرىتى مەنزىللەرگە ئات سالدى،
جەڭ - چېلىشنىڭ بايرىقى ئۆتكەللەرگە قادالدى،
قانچە مەردلەر كۈرەشتە باتۇر ئوغلان ئاتالدى،
پەن - تېخنىكا شۇنچە تېز يۈكسەك پەللىگە ماڭدى،
ئىلھام ئېلىپ ئۇنىڭدىن، سۆز ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

ئايان بولدى كۈرەشتە ئەتىمىزنىڭ بەلگىسى،
كۆكنى قۇچتى خەلقىمنىڭ خۇشاللىقى، كۈلكىسى،
ۋەتىنىمدە تەڭداشسىز كاتتا بىر توي بولغۇسى،
پات يېقىندا ئۆزگۈسى كۆكتە ئالەم كېمىسى،
شۇنچە پارلاق كەلگۈسى، قىر ئاشمىساڭ بولامدۇ؟

قورقۇپ جاپا، توسقۇندىن، ئاسانلىقنى ئىزدىسەڭ،
ئاز ئۇتۇقتا مەست بولۇپ، ئۆز - ئۆزۈڭنى بەزلىسەڭ،
دېڭىزدىن ئىلىمنىڭ ئۈنچە - گۆھەر سۈزمىسەڭ،
ئوقۇمىساڭ، بىلمىسەڭ، ئىجاد قىلىپ يۈرمىسەڭ،
تەرەققىيات يول بېرىپ سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

خىتابىمغا سال قۇلاق، بىرىلمە بۇ ئىللەتكە،
ئويلا، كىمنىڭ ئوغلىسەن، داغ چۈشۈرمە مىللەتكە،
تۆھپەڭ بىلەن ئېرىشكىن ئەل ئالدىدا ھۆرمەتكە،
تولۇپ تاشقان غەيرەتتە مەنمۇ كەلدىم بۇ سەپكە،
ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆتكەلدىن جەڭ ئاچمىسام بولامدۇ؟

كەل، ماڭايلى سەپ تۈزۈپ كۆزلەپ نىشان، تىلەكنى،
كۈيلەپ ئانا ۋەتەننى، ئۆستۈرۈپ گۈل - چېچەكنى،
جاھان كۆرسۇن ھەيۋەتلىك بۇ قىزىغان كۆرەكنى،
قايتا تۈردۈم بىلەكنى، تىڭشا قىزغىن يۈرەكنى،
يۈرىكىمنىڭ رىتىمى مىسرادىن كەم ئۇرامدۇ؟

1982- يىل فېۋرال، قەشقەر

## تاشۋاي

(مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائىنىڭ شۇ ناملىق
غەزىلىگە تەخمىس)

باقار تەشنا يۈرەك سۆيگەن نىگار رۇخسارىغا تاشۋاي،
نىگار رۇخسارىدىن چەندان گۈزەل، دەرگاھىغا تاشۋاي،
بىقىپ تويمايدۇ، قانمايدۇ ئانا دىدارىغا تاشۋاي،
ئەجەب تەشنا خۇمارىدۇر ئەزىز ھىيتگاھىغا تاشۋاي،
ئۇرار شامۇسەھەر زەخمەك راۋابى تارىغا تاشۋاي.

ئوغۇزخان نەسلىگە ئەسلى ئۇدۇم دىلدىن راۋاب سۆيمەك،
ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا بىر ئۆمۈر پەرۋانىدەك كۆيمەك،

نەسلىلىك پەخرىدۇر كەلسە گېزى شۆھرەت بىلەن ئۆلمەك،
ئاتادىن قالدى يادنامە ـ تەۋەررۇك شۇ راۋاب، زەخمەك،
تەسەددۇق ئەيلىدى جاننى ئاشۇ دىلدارىغا تاشۋاي.

سۆيۈندى جان ـ دىلى ئۇشبۇ راۋاب ـ ئەجداد مىراسىدىن،
ئىجادكار، تۆھپىكار ئەجدادىمىزنىڭ ئىختىراسىدىن،
يۈرەككە يىغدى كۈچ ئەلنىڭ پىغانى، قان قىساسىدىن،
مۇنار ئۇلى جىغىلدايدۇ ئۇنىڭ ئاھۇنىداسىدىن،
ناۋاسىدىن بېرەر ئىلھام ئەلەمداش يارىغا تاشۋاي.

مۇرادى قايغۇغا پاتقان غېرىب ـ يوقسۇللى كۈلدۈرمەك،
ناۋانىڭ لەززىتى بىرلە كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرمەك،
جاپا ئەھلىگە كۈلپەتنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلدۈرمەك،
راۋابنىڭ تارىسى پىلتە، قىساسنىڭ چاقمىقى زەخمەك،
ئاتار پارتلاتقۇچ بومبا زۇلۇم قورغانىغا تاشۋاي.

مىراس ئەتكەن ئەمەس ئەجداد ئەلەم ئىلكىدە ئۆتمەكنى،
ۋەسىيەت ئەيلىگەن قان ـ تەر ئىزىدىن بەختنى كۈتمەكنى،
ۋىسال پەسلى مۇراد ـ ئارمان گۈلىنى كۆزگە سۈرتمەكنى،
ئۇرۇپ يوقسۇل ـ جاپاكەشنىڭ يۈرەك تارىغا زەخمەكنى،
گۈزەل، رەڭدار چېچەك قوشتى مۇقام گۈلزارىغا تاشۋاي.

ئۇرۇلدى باشىغا تەڭسىز پەلەكنىڭ بازغىنى ئاخىر،
چاقالماي كەتتى ئۇ مىھنەت ھوسۇلى ماغزىنى ئاخىر،
يىغى ئەۋلادقا قالدۇردى تەۋەررۇك سازىنى ئاخىر،
جاھالەت دۈشسى ئاچتى ۋەھىملىك ئاغزىنى ئاخىر،
كىرىپ كەتتى ئۇنىڭ تويماس بالاخور قارنىغا تاشۋاي.

ياراتقان «ساپئېرىق» ئوخشاش مۇزىكا كۆكىدە ئاينى،
ئۇنىڭ ئۆچمەس نۇرى پارلاپ يورۇتتى ھەممە يۇرت - جاينى،
قىزىتتۇق شۇ ناۋا بىرلە بۇگۇن تويلاردا ھاي - ھاينى،
كىرىپ كەتتى دىمەڭلار دۇنىنىڭ قارنىغا تاشۋاينى،
كېزەر ئالەم مىنىپ قانلىق قىساس تۇلپارىغا تاشۋاي!

1986- يىل ئىيۇن، قەشقەر

## تۇمەن دەرياسى

(ئۇستازىم ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ
شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئانا يۇرت باغرىنى بويلاپ ئاقارسەن تۇندە سۇرئەتلىك،
تاپار بىمارسېنىڭدىن كۈچ، سۈيۈڭنىڭ تەمى لەززەتلىك،
سېنى كۈيلەيدۇ شائىرلار توقۇپ ئەشئار مۇھەببەتلىك،
تۇمەن دەرياسى تارىختا ئىزىڭ بار شانۇ شەۋكەتلىك،
ماڭا ئابى ھايات بەرگەن ئانامسەن مېھرـشەپقەتلىك.

تىنىق كۆلچەكتىكى سۇدەك يېشىل قىرغاققا قويماي باش،
ئېقىپ كەلدىڭ تۇمەن يىللار بولۇپ يۇرت ئەھلىگە سىرداش،
ساداسى ئاشۇ شاۋقۇنىڭ بولۇپ ئورمان بىلەن مۇڭداش،
ئاقارسەن باغرىدا يۇرتىڭ مىسالى قان تومۇر ئوخشاش،
پىداكارسەن قەدىم چاغدىنلا ئۆز نەسلىڭگە ھىممەتلىك.

قىلىپ باغرىڭنى ئاستانە ئۆتتۇشتى قانچە خاقانلار،
قونالغۇ قىلدى كىمخابتەك بويۇڭنى قانچە كارۋانلار،
رەقىبىڭ باغرىغا ئۇردى قىلىچنى قانچە پالۋانلار،

ئەقىل تاپتى ئىچىپ شەربەت سۆيۈگنى قانچە مەردانىلار،
نوزۇكىنىڭ قەلبىگە سىڭدى ئۇلۇغ ئارزۇ بىلەن مەدلىك.①

جەسۇر قۇدرەت بىلەن توسقۇن قورام تاشنى ئۇرۇپ چاقتىڭ،
مۇھەببەت - ئىشتىياق بىرلە ئەزىز تۇپراققا لەۋ ياقتىڭ،
كىيلەچەككە نەزەر تاشلاپ ئۈمىدلىك كۆز بىلەن باقتىڭ،
نىزارى، خىرقىتى، گۇمنام كۈيىگە جور بولۇپ ئاقتىڭ،
توقۇپ كۈي - قىسسە تارىختىن ئەجەب نادىر ۋە سەنئەتلىك.

سەپەردە چاڭقىغانلار ساھىلىڭنى قىبلىگاھ قىلدى،
سۆيۈملۈك قەھرىمان خەلقىم سىنى جاندىن ئەزىز بىلدى،
مۇھەببەت - ئىشتىياقىڭنى يۈرەك - قەلبىگە جا قىلدى،
راۋابىنىڭ ماھىرى تاشۋاي بويۇڭنى سەيلىگاھ قىلدى،
جاھالەت كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپ مەردانە، جۈرئەتلىك.

بىسىپ كەتكەندە ئەل - يۇرتنى مالامەت تاغى - كۈلپەتلەر،
خەلق باشىغا چۈشكەندە ھېسابسىز غەم بىلەن دەردلەر،
غەزەپتىن قوزغىلىپ كۆرمىڭ باھادىرلار تۈزۈپ سەپلەر،
غازات قىلغاندا ھۆزلۈك دەپ تۇمەنىمىڭ ئوت يۈرەك مەردلەر،
قوشۇلدۇڭ سەنمۇ ئىسيانغا تولۇپ شاۋقۇنغا ھەيۋەتلىك.

پەلەك تەتۈر كىلىپ باشقا ئەجەل كالتىكى تەگكەندە،
خەلقنىڭ قايغۇ، مۇڭ - زارى ساما قەرىگە يەتكەندە،
زوراۋانلىق بىلەن خورلۇق قورساقنى شۇنچە ئەسكەندە،
جاھالەتنىڭ تىغى مىڭلاپ گۇناھسىز باشنى كەسكەندە،
قىزىل قانغا تولۇپ ئاقتىڭ مۇسىبەت ئىلكىدە دەردلىك.

① تاشۋاي مۇزىكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

زىمىستان قىشتا ئاقساڭمۇ تولۇپ كۆك مۇز بىلەن قارغا،
سۆيۈڭنى لاي قىلىپ بىر چاغ سېنى سالغاندا دىشۋارغا،
غۇلاتماقچى بولۇپ قىرغاقلىرىڭنى گۇم قىلىپ غارغا،
قۇرۇتماقچى بولۇپ زۇمرەت سۆيۈڭنى يۇتتى ئەجدىھا،
بېشىڭغا سالدى شۇم قىسمەت كەچۈرمىشلەرنى كۆلپەتلىك.

ياساپ ئۆركەش جۇلالىق ئۈنچە - مارجانلار چېچىپ قاشقا،
سۆيۈڭنىڭ بەھرىدىن ياشناپ كۆچەتلەر كىردى ئەيۋاشقا،
يىقىلغان چاغدىغۇ ھەم كۇھىقاپنىڭ تاغلىرى باشقا،
لېكىن بوي بەرمىدىڭ لاتقا بىلەن سۇرلۇك قورام تاشقا،
داۋام ئاقتىڭ كېچە - كۈندۈز سۈرۈپ توسقۇننى شىددەتلىك.

ئېقىپ شاۋقۇنلىنىپ ئەمدى ۋەقىبىڭنىڭ كۆزىنى ياشلاپ،
ئېچىپ تارىخ يېڭى باشتىن مۇقام مەرغۇلىنى باشلاپ،
تېنىڭدە ئۇرغۇتۇپ غەيرەتنى مەنزىلگە غۇلاچ تاشلاپ،
ئۆتۈپ يىللار ... باھار قۇچتى بويۇڭنى گۈل - چېچەك ياشناپ،
تولۇپ ساھىللىرىڭغا مول ھوسۇل خامانى بەرىكەتلىك.

سېنىڭ قەلبىڭدىكى ئارزۇ يىراق مەنزىلنى كۆرمەكتۇر،
بۇيۇك ئارمانغا يەتمەكچۈن ۋىسال ئىشقىدا كۆيمەكتۇر،
قويۇپ باشىڭنى ئەڭ ئاخىر چىمەن قىرغاقنى سۆيمەكتۇر،
پەزىلەت بابىدا مەڭگۈ ماڭا ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر،
تىنىم تاپماي ئېقىش روھىڭ، سۆيۈملۈك ھەمدە قىممەتلىك.

1986- يىل ئىيۇل، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆزلىرىڭ

(مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇرېھىم ئىسمائىلنىڭ
شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئاخشىمى نۇرلار چېچىپ شەمئى - چىراغۇ كۆزلىرىڭ،
كۆل قىلىپ ھىجرىدە ھەر كۈيگا سالامدۇ كۆزلىرىڭ،
باققىنىمدا ھەر قېتىم جانىنى ئالامدۇ كۆزلىرىڭ،
ئەي گۈزەل نىمانچىلا ئوتلۇقتۇ ئاھۇ كۆزلىرىڭ،
ھەم نىمانچە بەك خۇمارلىق، قاپقارادۇر كۆزلىرىڭ.

كۆرمىسەم كۆزۈڭنى ھەتتا نانۇئاش يېيەلمىدىم،
ياكى بىرسىگە يۈرەك سىرىمنىمۇ دېيەلمىدىم،
تەلمۈرۈپ باقسامىمۇ قانچە تەكتىگە يېتەلمىدىم،
باردۇ ئۇندا نە سېھىر - خىسلەت تېخى بىلەلمىدىم،
ئەيلىدى تۇتقۇن، ئەسىر ئەقلىمنى جادۇ كۆزلىرىڭ.

ھەر قېتىم كۆرسەم نىگاھىڭنى كۆڭۈل تاپقاي ئارام،
كۆزلىرىڭ باقسام كۈلۈپ تاپقاي شىپالىق دىل يارام،
تەنۇجىسمىمغا ئاقار چەكسىز قۇۋۋەت، سەۋرى - چىدام،
تارقىلار ئۇندىن ساداقەت ھەم ۋاپا - شەپقەت، مۇدام،
جىلمىيىپ ئويناپ كۈلۈپ ئەيلەر تەۋەززۇ كۆزلىرىڭ.

شۇنچە سادىق ھەم ۋاپادار جان ئىكەنسەن ئەسلىدىن،
ناز - كەرەشمەڭ بىرلە چىقساڭ ئاشۇ ئاۋات رەستىدىن،
مىڭ قۇياشنىڭ نۇرى چاقنار كۆزلىرىڭنىڭ تەپتىدىن،

كۆرىمەن شەرمى - ھايانىڭ جىلۋىسىنى ئەكسىدىن،
ياتقا باقماقنى بىلەر ئۆزىگە مەكرۇ كۆزلىرىڭ.

مۇنچە كۆپ دەرد سالمىغىن ئاشىق غېرىبىڭ يۈرىكىگە،
قويمىغىن دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا ھەرگىز كۈلكىگە،
قىلغۇسى ئەنداز، پەرىلەر كۆزلىرىڭنى ئۈلگىگە،
بىر نەزەر قىلساڭ ئەگەردە ئوت كېتەر تەن مۈلكىگە،
بەرمىگەي كۆڭلۈم ئارامىلىق، تۈندە ئۇيقۇ كۆزلىرىڭ.

ئاھ ئۇرۇپ شامۇسەھەر بىر ئۆچرىشىشقا ئازىمەن،
سىنىساڭ سۆيگۈمنى پەرھاتىڭ بولۇپ تاغ قازىمەن،
ۋەسلى - دىدارىڭ ئۈچۈن ھەتتا بۇ يولدا غازىمەن،
گەرچە چەكسەممۇ ئازاب، كۆرمەككە تەشنا، رازىمەن،
ساقلىغاچ نۇرىدا مەنچۈن ياخشى ئارزۇ كۆزلىرىڭ.

ئۈچرىشىپ قالسام ناۋادا چىقمىغاي مەندىن سادا،
قورقىمەن چېھرىڭ نۇرىدىن بولمىغايمەن دەپ جۇدا،
ئارمىنىم قالماس ۋىسالىڭغا ئېرىشتۇرسە خۇدا،
تاپىمەن ھەر بىقىشىڭدىن بىر ئۆمۈر دەردكە داۋا،
كۆزلىرىمنىڭ ھاجىتى، دەردىمگە دارۇ كۆزلىرىڭ.

يۈرسەڭ ئەگىپ تەلۋىلەر شەھۋانىيلارچە قاش ئېتىپ،
قىلسا ھەتتا شۇنچە پەسكەشلىك نومۇس - ۋىجدان سېتىپ،
توسسىمۇ ئالدىڭنى مەجبۇرەن، كۆرەڭلەپ - گىدىيىپ،
قارىسا ياتلار يامان نىيەت بىلەن سەت ھىجىيىپ،
سانجىلار خەنجەر بولۇپ نەپرەت بىلەن شۇ كۆزلىرىڭ.

باغلىنىپ كەتكەچ مېنىڭكى بىر ئۆمۈر رايىم ساڭا،
مەڭگۈلۈك بەخشەندىدۇر ھەتتاكى ئىمانىم ساڭا،

گەر ۋىسالىغا يەتمەيىن كەتسەمكى ئۇۋالىم ساڭا،
شۇ سەۋەبتىن نىگار باققۇم كېلۇر دائىم ساڭا.
تۇرغىنى ئۇچۇن قۇچۇپ ئالەمچە سۆيگۇ كۆزلىرىڭ.

ئەي ئەزىز دوستلار ماڭا قىلساڭلىمۇ سۇلھى - سالا،
مەيلى سەۋدايى بولاي، كۆڭلۈمنى قىلمايمەن ئالا،
بولسا شۇ لەۋزىڭ نىيازى كۆيلىشىڭ ئەمدى بولا،
كۆزلىرىڭ تەرىپىنى ئابدۇرېھىم ئېيتىپ تولا،
يازدى نەزمە، نەزمىسىگە بولدى ماۋزۇ كۆزلىرىڭ.

1987- يىل دېكابىر، قەشقەر

## سەن بىلەن

(ئۇستازىم ئابدۇرېھىم توختىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

گۈللىدى ئىشقىڭ نۇرىدىن لەيلىزارىم سەن بىلەن،
دىل بېغىمدا پىشتى ساپ ئالما، ئانارىم سەن بىلەن،
كۆنسېرى ئۇلغايدى ھەتتا تەندە جانىم سەن بىلەن،
ۋەتىنىم ئاڭ - ئىدرىكىم قۇدرەت مادارىم سەن بىلەن،
لەززىتىم ھەم، راھىتىم ھەم، دىل خۇمارىم سەن بىلەن.

ساپ ھاۋايىڭ ھەرقاچان بولغاچقا بۇ تەنگە داۋا،
مېھرى يالقۇنىڭ بەخش ئەتكەچكە كۈچ، دەرمان ماڭا،
ئاپىرىن ئېيتماي نېچۇن مەن ئەي گۈزەل يارىم ساڭا،
قىلسا پەرۋاز ئوي - خىيالىم بۇركۈتى باغرىڭ ئارا،
جۇش ئۇرار گويا دېڭىزدەك ئىقتىدارىم سەن بىلەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

رازىدۇرمەن سەن ئۇچۇن بولسام ئەگەر جاندىن جۇدا،
كۈيگە قاتسام تەرىپىڭنى بولمىغاي ھەرگىز ئادا،
كەلتۈرەرمەن تۆھپە - ئەجرىمدىن زەپەر ھەم شان ساڭا،
نە شەرەپ، نە ئابرۇي سەنسىز نېسىپ بولماس ماڭا،
بەختۇئىقبال ئەرشىدە شەمئى ياناردىم سەن بىلەن.

ئاق سۈتۈڭ بىرلە مېنى قوشتۇڭ قاتارغا پەپلەپ،
سىيلىدىڭ مېھرىڭ بىلەن باشىمنى سەن غېمىمنى يەپ،
خۇددى شوخ تايدەك قۇچاقىڭدا يېتىلدىم ئەركىلەپ،
سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا، سەن ئۇچۇن ئۆلسەم شەرەپ،
بۇ ھاياتىم ھەر نەپەس ئۆلسەم مازارىم سەن بىلەن.

قۇت بەخش ئەتتى ماڭا سەندىن تارالغان نۇر زىيا،
چۆلدىكى يانتاقلىرىڭمۇ مەن ئۇچۇن مېھرىگىياھ.
شۇ سەۋەبتىن بىر ئۆمۈر ھۆسنۈڭگە بولدۇم مەھلىيا،
سۈلىرىڭ ئابى ھاياتتۇر، تۇپرىقىڭ زەر تۇتىيا،
سۇ ئىچىپ ياشنار چىمەندەك دىل باھارىم سەن بىلەن.

ياشىيالمايمەن ئەبەدكە ئەجرىسىز ئۆتسە كۈنۈم،
«ئىجتىھات بىرلە تىرىشماق» بۇ مېنىڭ پىكرىم - ئويۇم،
قالمىسا نەسلىمگە تۆھپەم، ياخشىراقتۇر ئۆلگىنىم،
سېنى كۈيگە قاتمىسام مەزمۇن تاپالمايدۇ كۈيۈم،
گۈللىنەر مېھنەت، ئىجادىم، ئىختىرارىم سەن بىلەن.

ئەيلىسەم ھوشيار تۇرۇپ غەپلەتتە مۇگدەشتىن ھەزەر،
ئالغا ئۆرلەشتە پەقەت يوقتۇر ماڭا خەۋپۇخەتەر،
ماڭغىنىم ماڭغان ئەبەدكە بولسىمۇ مۇشكۈل سەپەر،

www.uyghurkitap.com

سەن يورۇق قىلغان كۆزۈمدە ئەتىگە سالسام نەزەر،
چىن ۋىسال ئەييامى ئەي سۆيگەن نىگارىم سەن بىلەن.

1986- يىل ئاپرېل، قەشقەر

## گۈزەلگە

(ئۇستازىم ئابلىمىت ھاجىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

كۆيدى بۇ ئوتلۇق يۈرىكىم ئىشىق ئوتۇڭدا ھەر زامان،
تونلىرى شېرىن چۈشۈمدە بولدۇ چېھرىڭ ئايان،
ئۆرتىنىپ ھىجرىڭ بىلەن زەپ بولدى بۇ رەڭگىم سامان،
ئەي گۈزەل ۋەسلىڭنى ئىزدەپ دەشت ئارا چەكتىم پىغان،
سەن ئۈچۈن يۈزمىڭ جاپالار ئوقىغا بولدۇم نىشان.

چاچتى نۇر قەلبىم ئۆيىگە بوپ يۈزۈڭ شەمئى - چىراغ،
مېنى مەست قىلدى دىلىمغا ئورنىغان ئىشقى - پىراق،
ئىزدىسەممەن ۋەسلى - دىدارىڭنى بەكمۇ يول يىراق،
دىل مۇرادىم بولمىدى ھاسىل، بېشىمغا كىردى ئاق،
دەردلىرىڭنى تارتا - تارتا بولدى كۆڭلۈم ناتىۋان.

دەرد - ئەلەملەر گۈلخىنىدا كۆيدى بۇ تەن ياغ كەبى،
سۇسىراپ كەتتى يۈرىكىم قاغجىراق بىر باغ كەبى،
تەلۋىلەر چۇقانى گويا ئاڭلىنار بىر زاغ كەبى،
بۇ جاھانىڭ خورلۇقى باستى مېنى بىر تاغ كەبى،
ۋادەرىخا، بولدى زەپ ياشلىق گۈزەل باغىم خازان.

بىر مەھەل قۇتراپ رەقىبلەر ئىززىتىمنى چەيلىدى،
ھەر قىسىم تۆھمەت، ھاقارەت كەلتۈرۈپ كۆپ تىللىدى،
مۇپتىلا ئەيلەپ قەپەسكە، پۇت ـ قولۇم كىشەنلىدى،
نەدىكى چۇپرەندىلەر تارتقۇشلىشىپ خار ئەيلىدى،
بۇ ئەزىز مىلىك بىر جېنىمدىن قالدى نىم جانىم ئاران.

چىدىدىم كۆلپەتكە قەتئىي، قىپ ئىرادەمگە ئەمەل،
ياڭرىتىپ ئۆتتۇم رەقىبلەر ئالدىدىن ئوتلۇق غەزەل،
قەستلىگەندە ئالغىلى قوينىغا جىسمىمنى ئەجەل،
شۇندىمۇ مېھرىڭ سەبىي كۆڭلۈمگە ئوت ياققاچ ئەزەل،
ئەگمىدىم تۆھمەتكە باش، قەددىمنى تىك تۇتتۇم ھامان.

1986- ماي، قەشقەر

## ۋاپادارلىق ناخشىسى

(ھاجى ئابدۇسەمەت خېلىلنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

يۇرەك ـ قەلبىمگە ئەي دوستلار ۋاپانى قىبلىگاھ ئەيلەي،
قىلىپ ئىخلاس ئۇنى دائىم يولۇمغا رەھنىما ئەيلەي،
ئەگەر ياتسام بولۇپ بىناپ كى رەنجىمگە داۋا ئەيلەي،
ۋاپا ئەھلىنى تاپسامەن كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەي،
ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەتتە ھەمىشە دىلغا جا ئەيلەي.

ھەقىقىي شىر سۇپەت ئەرلەر يېتىلگەي تاۋلىنىپ ئوتتا،
رەقىبكە قىلچە تىز پۈكمەس كۈرەش ـ جەڭلەردە، جەڭگاھتا،
غېمىنى يەپ ۋەتەن ـ ئەلنىڭ، ئۆلۈمنى ئويلىماس ھەتتا،
ۋاپادارلىقنى يار قىلغان كىشى ئۆلمەيدۇ تارىختا،
ۋاپاغا دىلنى بەرگەننى گۆھەردىن ئەتىۋار ئەيلەي.

كۆيۈپ تاھىر كەبى ھەركىم ۋاپا دەرياسىدا ئاقسا،
گويا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ساداقەت شامىغا ياقسا،
يولىدا ئۇچرىغان زەنجىر ـ كىشەنلەرنى ئۈزۈپ چاقسا،
ۋاپادارلىق كۆيىنى كىم جاھان ئىچرە جاراڭلاتسا،
قىلىپ تەڭكەش ئاڭا ھەردەم بولۇپ بۇلبۇل ناۋا ئەيلەي.

ئۇلۇغۋار غايىنى كىمكى ھەقىقىي قەلبىگە پۈكسە،
ۋاپادارلىق زېمىنىدا بېھىشتەك باغ بىنا ئەتسە،
ئاشۇ مول تۆھپىسى بىرلە مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتسە،
ۋاپادارلىق يولىدا كىم مەگەر جەبىر ـ جاپا چەكسە،
ئاڭا جەزمەن بولۇپ ھەمدەم ئەزىز جاننى پىدا ئەيلەي.

ۋاپا ئەھلى مۇناسىپتۇر بولۇشقا چارچىماس كارۋان،
ئۇنىڭ ئوتلۇق ۋۇجۇدىغا بېرەي شۇڭلاشقا كۈچ، دەرمان،
بۇ يولدا ھېچ غېمىم يوقتۇر بولۇپ كەتسەممۇ گەر قۇربان،
ۋاپادارغا چاكار بولسام دىلىمدا قالمىغاي ئارمان،
ۋاپاغا ئېتىقاد باغلاپ كى بۇرچۇمنى ئادا ئەيلەي.

1988ـ يىل ئىيۇل، قەشقەر

## مىڭ ئۆي

(ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

بېرىپ تەشنا يۈرەككە زوق، كۆڭۈلنى يايرىتار مىڭ ئۆي،
جۇلالاپ خان سارايدەك كۆزۈڭنى چاقنىتار مىڭ ئۆي،

مۇقەددەمدۇر سېنىڭ بوينۇڭدىكى زۇننار - تۇمار مىڭ ئۆي،
ئەزىز يۇرتۇمغا شان - شۆھرەت، مۇقەددەس يادىكارمىڭ ئۆي،
مۇزات باغرىدا ئەڭگۈشتەر كەبى نۇرلۇق دىيارمىڭ ئۆي.

ۋىسال ئىشقىدا مەجنۇندەك جۇنۇنلۇقتا بولۇپ سىرداش،
گوياكى تۇندە ئاي بىرلە بولۇپكىم بەزمىدە مۇڭداش،
كۆرۈنگەندەك سىياقىدىن ئاشۇ ئاشىققا تەقدىرداش،
گويا شېرىننى ئاقتۇرغان مۇھەببەتلىك يىگىت ئوخشاش،
جىمى ئىقلىم جامالىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىزار مىڭ ئۆي.

بېقىپ ئوتلۇق كۆزى بىرلە ئاشۇ دىلدار جامالىغا،
قېنىشقا شۇنچە شەيدا بوپ سۆيۈپ مەڭزىگە - خالىغا،
بېرىپ خاتىمە مەڭگۈگە نىگارىنىڭ پىراقىغا،
قاراپ تاملاردىكى نازۇك پەرىشتىنىڭ ۋىسالىغا،
يۇرۇپ بىر سەيرە ئەتمەكنى قىلۇردىل ئىختىيار، مىڭ ئۆي.

مۇزاتنىڭ باغلىرى جەننەت، پۇرايدۇ مۇشكىيۇ ئەنبەر،
سۈيى تەنگە شىپا - شەربەت، ئۇنىڭ تەمى گويا كەۋسەر،
قەدىمدىنلا سېخىيلىقنىڭ قولى سەندە ئېچىلغان يەر،
دىۋارىڭ غىچچىدە تاشلىق، قىيا باقسا ئىچىڭ گۆھەر،
بوۋاملار ئەجرىگە شاھىت لاتاپەت - جىلۋىگەر، مىڭ ئۆي.

سېنىڭ چېھرىڭ - سىياقىڭدىن تاپار بىمارلار كۈچ - دەرمان،
سېنىڭدىن تارقىغان نۇرلار بىلەن چاقناپ يانار ئاسمان،
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي ھېچ تالاي ئىنسان يۈرەر سەرسان،
تېگى يوق ئۇندا سەنئەتنىڭ، ئويۇقلاردا گۈزەل جانان،
تىرىكتۇر ھۆرى - غىلمانلار لېۋىدىن مەي تامار، مىڭ ئۆي.

ئەنە جەڭدە باھادىرلار ئۆتۈشمەكتە چېلىپ مەرغۇل،
نەمەرغۇل، ھۆر كېلەچەككە سېلىپ مەھكەم، بوستانىكەم ئۇلا،
ئۇلارنىڭ ئەجرىگە خەلقىم ئوقۇپ تەھسىن، ئېتىپ مەفتۇل،
قولىدا گۈرزى ئويناقلاپ، چاپارغا ئاستىدا دۇلدۇل،
ۋەتەن سۆيگەن جەسۇرلەرنىڭ كۆزىدە ئېپتىخار، مىڭ ئۆي.

ئېقىپ تارىم بىمارلارنىڭ داۋا ھەمدە شىپاھى بوپ،
يېرىپ توسقۇنلىنى گويا خەلقنىڭكى قىيانى بوپ،
تومۇزدا چاڭقىغان تەشنا يۈرەكلەرنىڭ ئارامى بوپ،
جاپا بىرلە ھالاۋەتنىڭ تىنىم تاپماس گۇۋاھى بوپ،
يېنىڭدا ئول ئەزىم دەريا جاۋاھىر چاچرىتار، مىڭ ئۆي.

سېنىڭدىن يەتتە ئىقلىمغا تارالغان بىر بۈيۈك شۆھرەت،
شۇڭا قايىل بولۇپ ھەممە قىلۇر دىلدىن سېنى ئىززەت،
بەخش ئەتتىڭ نەسىللەرگە ھېسابسىز پەم - ئەقىل، قۇدرەت،
تۆمۈر تەنلىك، كۈمۈش ياپراق دەرەختە زەركەبى نىمەت،
بېزەلگەن گۈل ئارا ھۆسنى، بىنادۇر ئۈجمىزار، مىڭ ئۆي.

بىنا بولدۇڭ باھادىرلار داۋان ئاشقان قىيالاردىن،
تۇمەن توسقۇنى گۈمران قىپ ئۈزۈپ چاققان قىيالاردىن،
كۈرەشتە، جەڭدە مەردانە كۆلۈپ باققان قىيالاردىن،
قىزىلغانسەن ئۇلۇغ ئەجداد تەرى ئاققان قىيالاردىن،
قىيا نەدۇركى، جەننەتتەك مىسالى گۈلئۈزار، مىڭ ئۆي.

ئەجەب بىر چاغ سېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى زىمىستان قىش،
جاھان ھەيرانە - ھەس بىرلە ساڭا كەلگەن ئەلەم - تەشۋىش،
تۇمەن خىل ھىيلە - نەيرەڭگە چىدالماستىن كىرىشتى چىش،
ۋە لېكىن بىر زامان مەلئۇن يۈزۈڭگە قول سېلىپ مۇدھىش،
تېنىڭنى ئەيلىدى پارە، قەپەستە خاكسار، مىڭ ئۆي.

بىرىپ خاتىمە ئەڭ ئاخىر ئاشۇ مۇدھىش ئىغىر كۈنگە،
جاسارەت بىرلە ئوت ياقتىڭ بورۇقتۇملىق قارا تۈنگە،
ۋەتەن، خەلقىڭگە كۆرسەتتىڭ يېڭىۋاشتىن يەنە ئۈلگە،
بوگۈن شادسەن، خارابىلىقتىن قۇتۇلدۇڭ تاكى مەڭگۈگە،
تەڭرىتاغ تاجىدۇرسەنكى، ھاياتىڭ نەۋ باھار، مىڭ ئۆي.

جاھانغا نامى - ئەھۋالىڭ تارالغاچقا بولۇپ مەشھۇر،
كۆزۈمگە تۈتىيا قىلدىم، ساڭا قانماي يەنە بىر قۇر،
كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى گويا قەدىمىي ئۇيغۇر،
سېنى كۆردۈم، دىلىمغا ئورنىدى ئوتلاپ ئەسىردىن نۇر،
تېخىچە كۆرمىگەنلەرنىڭ نىگارى زۇلخۇمار، مىڭ ئۆي.

1987- يىل ماي ، قەشقەر

## ۋىجدان

(تۇرسۇن نىيازنىڭ شۇناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ھاياتىڭغا بىرىپ مەنە، تېنىڭگە كۈچ قوشار ۋىجدان،
چىداملىقنىڭ زېمىنىدا گوياكى بىر چىنار ۋىجدان،
رەقىبكە ياغدۇرۇپ نەپرەت قەدەمدە ئوق ئاتار ۋىجدان،
كىشىلەر روھىغا تالىق بولۇپ ھەر چاغ ياشار ۋىجدان،
ئېسىل خىسلەت، پەزىلەتتىن يولۇڭغا نۇر چاچار ۋىجدان.

نامايان قىلىدۇ ۋىجدان جىمىگە كەمتەرلىكنى،
ئەزىز دوستلار ئارا سۇرگەي ئىناقلىق، دىلدا بىرلىكنى،
سۆكەر يالغانچى، مەۋقەسىز، ۋاپاسىز ئىككى تىللىقنى،

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ تۆيغۇ كۆزى بىرلە گۈزەللىك ھەم نەزىلىكنى،
تۇرار دىلنىڭ ساماسىدا قۇياشتەك بىغۇبار ۋىجدان.

ھالال ئەجرىك بىلەن گۈللەپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسەڭ،
سۇنۇپ خەلقىڭگە تۆھپەڭنى، ئۇتۇقتىن شادلىنىپ كۈلسەڭ،
سىنى تەبرىكلىگەي ئەل - يۇرت، ئىجاد دەرياسىدا ئۈزسەڭ،
مۇھەببەت بابىدا سۆيگۈ - ساداقەتنى شەرەپ بىلسەڭ،
جەسۇرلۇق بابىدا مەردلىك، شىجائەتكە خۇمار ۋىجدان.

ئاقىلغا رەھنىما بوپ ئۇ، نادانغا ياغدۇرار لەنەت،
باھادىر ھەمدە غالىبقا بىرەر جەڭلەردە كۈچ - غەيرەت،
ئاتا قىلغاي دىلى پاك، ئاق كۆڭۈللەرگە مېھىر - شەپقەت،
زۇلۇم - كۈلپەت، ئاسارەتكە غەزەپتە ياغدۇرۇپ نەپرەت،
ھەقىقەت ھەم ئادالەتكە ھەمىشە ئىنتىزار ۋىجدان.

كىشىدە بولمىسا ۋىجدان ئۇلۇغۋار پەللىگە يەتمەس،
بۇ يولدا جان پىدا قىلغانلىنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەس،
ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىن كۈيلەپ غەزەل يازغانغىمۇ پۈتمەس،
قەدىر - قىممەت، گۈزەللىكتە ئاڭا ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەس،
كىشى ئالداشقا مەككارغا ئەمەستۇر، تىلتۇمار ۋىجدان.

قورال قىلغاندا ۋىجداننى قەلبكە چاڭ - غۇبار قونماس،
ئۆمۈرنىڭ بېغىدا ھەرگىز ئېچىلغان گۈل - چېچەك سولماس،
ئەگەر ئايرىلسا كىم ئۇندىن دىلى مول خەزىنىگە تولماس،
ئۇنىڭ يۈكسەك غۇرۇرسىز ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس،
ياشاشنى ئويلىغان ئوتلۇق يۈرەكلەرگە باقار ۋىجدان.

كۈرەش - جەڭلەردە تاۋلانسا ۋەتەن - ئەلنىڭ غېمىنى يەپ،
داۋام ئىلگىرىلىسە ئالغا بۈيۈك مەنزىللىنى كۆزلەپ،

بۇ يولدا بولسا كىم ئاسىي ئۇنىڭكى باغرىنى چەيلەپ،
هاياتىدا ۋەتەنگە كۆيسە كىم جانىنى نىسار ئەيلەپ،
ئۇنىڭ يارقىن ۋۇجۇدىدا جىمىدىن ئەتىۋار ۋىجدان.

1988- يىل ماي، قەشقەر

## ئاشىقلىق سەۋداسى

(ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

قاقاس - سايلىقلىرىڭنى ئاھ گويا باغۇئېرەم قىلدى،
بېھى، ئالما - ئانارىڭدا ئەجەب ئۆزگىچە تەم قىلدى،
كېلىشكەن قەددى - قامەتلىك سىياقىڭنى كەرەم قىلدى،
ئىلاھىم جۇپ كۆزۈڭنى ئوت - قۇياشتەك مۆھتەرەم قىلدى،
مۇھەببەت تەختىدە تەنھا، گۈزەل مەبۇد - سەنەم قىلدى.

ماڭارغا ھېچ ماجالىم يوق قىران ياشلىق گۈلۈم سولغاچ،
ياتارمەن زەپىران چېھرىم، يۈرەكىم لەختە قان بولغاچ،
تېنىم تىترەيدۇ ياپراقتەك مۇھەببەت ئوتى ئۇلغايغاچ،
يۈزۈڭنى ئاي دېسەم، ئاينى بۇلۇتتەك چاچلىرىڭ توسقاچ،
كۆرۈش مۇشكۇل سېنى جانان، ئەجەب دىدارى كەم قىلدى.

بېغىڭ ئەتراپىدا يۈردۈم جامالىڭدىن جۇلا ئىزدەپ،
بۇ مىسكىن خەستە كۆڭلۈمگە يېقىملىق كۈي - ناۋا ئىزدەپ،
بېشىمغا سايىۋەن بولغان سېنىڭدەك باشپاناھ ئىزدەپ،
يىراقتىن تەلمۈرۈپ باقتىم يۈرەككە بىر داۋا ئىزدەپ،
كۆتۈش سائەتلىرى قىيناپ كۆزۈمنى ياشۇنەم قىلدى.

www.uyghurkitap.com

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باققان چېغىمدا خۇددى بولبۇلدەك،
جۇلالىق شايى - ئەتلەسلەر ئىچىدە قامىتىڭ تۇزدەك،
كۆزۈڭ نۇرلۇق، خۇمارلىق ھەم گويا كۆكتىكى يۇلتۇزدەك،
ئاقارغان سۇبھىدە كۆردۈم، كۆرۈندى قامىتىڭ گۈلدەك،
پىراقىڭ پاك ۋۇجۇدۇمغا ۋاپادارلىقنى جەم قىلدى.

كۆزۈڭدىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن ئەجەب نۇر ياغدۇرۇپ چىقتىڭ،
قەدەمدە روھلىنىپ شۇنچە خۇشاللىقتا چۆمۈپ چىقتىڭ،
سەھەرنىڭ پەيزىنى زەپمۇ كۆڭۈللۈك بىر سۈرۈپ چىقتىڭ،
ھاۋاسى ئەتىردەك خۇشبۇي بېغىڭغا شوخ كۈلۈپ چىقتىڭ،
پەرىشتىلەر ساڭا تەبرىك ئۈچۈن تەشرىپ قەدەم قىلدى.

سېنى قوتلاپ پەرىزاتلار يېنىڭغا رەت تىزىلغاندا،
چۆمۈلدۈڭ ھېس - ھاياجانغا چېكەڭگە گۈل قىسىلغاندا،
بەخت - نۇسرەت ئاتا قىلغان تۇمار - زۇننار ئېسىلغاندا،
مۇبارەك پۇتلىرىڭ نازۇك چىمەنلەرگە بېسىلغاندا،
جاھان رەنالىرى يولنى پاياندازۇ گىلەم قىلدى.

ئاشۇ باغدا سۆيۈش پەيتى نېسىپ بولغاندا سەن غايىب،
يۈرەكتە ئوت لاۋۇلداپ چوغلىنىپ بولغاندا سەن غايىب،
ۋىسالىڭنىڭ ناخشىسىن ھەممە ئېيتىپ بولغاندا سەن غايىب،
قاچانكى سەيلىمۇ چەككە يېتىپ بولغاندا سەن غايىب،
بولۇپ دوزاخ گويا ھىجرىڭ مېنى يالقۇنغا يەم قىلدى.

چىرايىم زېپىران شۇنچە، ساماندىن يوق پەقەت پەرقىمۇ،
ئەگەر كۆرسە بىز ھالىمنى ئىچىنى ئاغرىتار خەقمۇ،
مۇھەببەتتىن نېسى بەختىم، ئازاب - كۈلپەتلىرىڭ نەقمۇ؟
گۇناھىم نە ئىدى مۇنچە ماڭا شۇنداق جازا ھەقمۇ؟
بىھۇدە ئۆرتىنىپ كۆيمەك كېلىپ ھار كۆپ ئەلەم قىلدى.

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەجنۇندەك كۆيۈپ يۈرسەم بولۇپ سەرسان،
قىيا كۆز بىرلە باقمايسەن، بۇ تەندە قالمىدى دەرمان،
ۋىسالغا بىر قېتىم يەتسەم دىلىمدا يوق ئىدى ئارمان،
پىدائىي بىلدى ئەي دىلبەر، ساڭا يەتمەككە يوق ئىمكان،
ۋىسال قەسرەڭنى قىسمەتلەر يىراق مەككە ـ ھەرەم قىلدى.

قەشقەر، 1991ـ يىل يانۋار

## كەلدىم

(يالقۇنجان ئىسلام سەندەلىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

مۇقەددەس جاي ئۇيال ئازىخ ساڭا گۇل سۇنغىلى كەلدىم،
بويۇڭدا ئوقچۇغان «چەشمە زۇلال» غا چۆمگىلى كەلدىم،
چىمەنزار باغلىرىڭ ئىچرە خىرامان يۈرگىلى كەلدىم،
مازارىڭنى بوۋام مەھمۇد سېنىڭ مەن كۆرگىلى كەلدىم،
تاۋاپ ئەيلەپكى ئاستانەڭ، قۇچاقلاپ سۆيگىلى كەلدىم.

ئۇلۇغ ئەجدادىمىزنىڭ ساپ تۆكۈلگەچ كىندىكى قانى،
بولۇپ كەلدىڭ ئەزەلدىنلا بۈيۈكلۈك تەختى ـ سۇلتانى،
تارالدى يەتتە ئىقلىمغا ئەبەد ئۆچمەيدىغان نامى،
سېنىڭ نامىڭدا چاقنايدۇ شەرقنىڭ شۆھرىتى ـ شانى،
ئېتىپ بەيتۇل ھەرەم قەبرەڭ، كۆزۈمگە سۈرگىلى كەلدىم.

بوۋام زېھنى بىلەن ئەلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان،
سۆيۈپ تۈركىي تىلىنى ئۇ نەزەر ـ ھۆرمىتىگە ئىلغان،
جاھاننى قالدۇرۇپ ھاڭ ـ تاڭ، «خەرىتە» نامىنى سىزغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مۇبارەك قوللىرىڭ قايدا «لۇغەت» كە سەترلەر تىزغان،
ئارا پايەك سىنىڭ ئالىم بىشىمنى قويغىلى كەلدىم.

بارالماي ئۆتتى كۆپ كۈنلەر بوۋام مەھمۇد دىيارىڭغا،
بۇگۈن چىقتىم قىنىشقا شۇ سىنىڭ ئوتلۇق ۋىسالىڭغا،
شۇڭا نەۋرەڭنى نائىل قىل ئىلىم ـ ئىرپان، قىيامىڭغا،
يىقىپ باغرىمنى پەرۋانە كەبى شەمئى جامالىڭغا،
بۈيۈك تۈركىي دىۋانىڭدىن ساۋاقلار ئالغىلى كەلدىم.

تەپەككۇر كېمىسى بىرلە خىيال دەرياسىدا ئاقساق،
ئىجاد مەنزىلىگە دائىم ئۈمىدلىك كۆز بىلەن باقساق،
پەخىرلىك ھىسسى ئۇرغۇيدۇ ئۇلۇغ قامۇس ـ دىۋان يازساق،
قاراپ تۇرسام ئىلىمنىڭ كانىدىن دۇردانىلەر قازساڭ،
كۆڭۈل ھەمياننى شۇ دۇر بىلەن تولدۇرغىلى كەلدىم.

كىتابىڭنى كۆتۈرگەي ئەل بېشىدا بىباھا ئەيلەپ،
نىيازى ساقلىغىن سەنمۇ جېنىڭدىن ئەتىۋار ئەيلەپ،
ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈز سۆزىنى تىلتۇمار ئەيلەپ،
ياشا يالقۇن، ۋەتەن بەختى ئۈچۈن سەن جان نىسار ئەيلەپ،
ئۈمىدلىك شامىنى ئالىم سىنىڭ ياندۇرغىلى كەلدىم.

1986 ـ يىل ئىيۇل، قەشقەر

## نورۇزۇم

(ئابدۇللا ئوسماننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

كۆيلىدىم شەنىڭنى ئىشقىۋاز، نورۇزۇم،
بەرمىدىم بۇ تىلغا پەرداز، نورۇزۇم،
تەرىپىڭگە كۈي ـ غەزەل ئاز، نورۇزۇم،

مەرھابا سالدىم پاياندار، نورۇزۇم،
شادلىنىپ چالدىم دۇتار، ساز، نورۇزۇم.

قىش كېتىپ دىللار سۆيۈندى يايرىدۇق،
بۇ باھاردا ئىشنى ئوبدان باشلىدۇق،
مەرىكە ـ سورۇنغا مەيدان راسلىدۇق،
يىل بېشى نورۇز ئېشى تەييارلىدۇق،
ئولتۇرۇشقا قوش يىكەنداز، نورۇزۇم.

كۆلدى ئەل ـ يۇرت، كەلدى ئامەت قوش دېسەم،
مەئىشەتتىن بۇ كۆڭۈللەر خوش دېسەم،
بېشىمىزغا قوندى ھۇما قۇش دېسەم،
تولدۇرۇپ لىق جامغا مەينى خوش دېسەم،
«بەھۇزۇر» دەپ كەلدى ئاۋاز، نورۇزۇم.

ئىللىغان نورۇز ھاۋاسى ساپ ـ تازا،
قىزىدى بەزمە ـ باراۋەتمۇ راسا،
ئارىمىزدا يوق پەقەت جاڭجال ـ نىزا،
ئەر ـ ئاياللار زەپ خۇشال سالدۇق ساما،
ئاتتى موللاق كۆكتە دارۋاز، نورۇزۇم.

باش باھاردا تۇرنىلار قاتارلىشىپ،
مەلىمىزگە كەلدى زەپمۇ يايرىشىپ،
يۇرتىمىز كەتتى ئەجەب ئاۋاتلىشىپ،
خىسلىتىڭدىن سۆيۈنۈپ تەڭ سايرىشىپ،
بارچە قۇشلار قىلدى پەرۋاز، نورۇزۇم.

قالدى لاچىن، قاغا ـ قۇزغۇنلار كېتىپ،
ئۇچتى كۆك قەرىدە شوخ پەرۋاز قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇغا، جەرەنلەر ئۇۋاسىدىن چىقىپ،
ئويىنىشىپ، موللاق ئېتىپ، لايغا پېتىپ،
يايرىدى ئۆردەك بىلەن غاز، نورۇزۇم.

سەن بىلەن ئاقتى راۋان ئەگىز سۈيى،
ياڭرىدى ئەمگەك، چېلىشنىڭ مەزغۇلى،
چۆمدى شادلىققا خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى،
خاس ساڭا تارىم، زەرەپشاننىڭ كۈيى،
سەن پەقەت يىگانە تەنناز، نورۇزۇم.

مەھلىيا ئەيلەپ كۆڭۈلنى كۈلدۈرۈپ،
ھىس - ھاياجان دېڭىزىغا چۆمدۈرۈپ،
خەستە دىللارنى قەۋەت سۆيۈندۈرۈپ،
جىلۋىلىك خۇلقىڭ يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ،
قىلمىغىن سەن ئۇنچىلىك ناز، نورۇزۇم.

خىسلىتىڭدىن ئەھلى يۇرت تاپسۇن روناق،
بەختى - ئىقبال كۈنسېرى ئاچسۇن قۇچاق،
چاچقۇ چاچسۇن قۇت تىلەپ «نورۇز بۇلاق»،
ئالمىدىن رەڭ ئال، ئەتىر گۈلدىن پۇراق،
يۇرتىمىز جەننەتكە ئەنداز، نورۇزۇم.

1994- يىل ئاۋغۇست، قەشقەر

## قەشقەر

(ئابدۇقادىر جالالىدىن غەزىلىگە تەخمىس)

قاچان كىملەر سىنىڭ قەلبىڭنى خۇرسەن، شادىمان ئەتتى،
تۈمەن دەريالىرىڭنى بىھېساب دولقۇن، قىيان ئەتتى،
قۇچاقىڭنى بىزەپ گۈلدىن مۇقەددەس ئاشىيان ئەتتى،

سېنى كىم بۇ جاھان مۈلكى ئارا ساھىبقىران ئەتتى،
جاھان كەزگەن مۇھەببەت قۇشلىرىغا نام - نىشان ئەتتى.

تونۇلدۇڭ يەتتە ئىقلىمغا ھۈنەر - ھېكمەت بىلەن چاقناپ،
نەقىش - سەنئەت بىلەن نۇرلاندى ھۆسنۈڭ كۈن كەبى پارلاپ،
بۈيۈك مەنزىلگە ئات سالدىڭ داۋان ھەم تاغلىدىن ئاتلاپ،
باھاسىز سەلتەنىتىڭگە ئەسىرلەر ئۆتتى كۆز تاشلاپ،
زامانلار شانۇشەۋكەت بابىدا گوياكى خان ئەتتىم.

باھار ئەنداز ئالۇر نۇرانە ھۆسنۈڭدىن ئەجەب كۆركەم،
قۇچاقىڭ مىسلى جەننەتتۇر، مېۋەڭدە ئۆزگىچە بىر تەم،
شۇڭا تەلمۈردى ئۈزۈلمەي مېھرىنى قانچە شاھ سەنەم،
باھار باغىڭ ئارا ياپراق يۈزىدە يالتىرار شەبنەم،
ئۇنى قايسى جۇنۇنىڭ چەشمىسى پىنھان، راۋان ئەتتى.

ئەجەب شۆھرەت قازاندىڭ تۆھپە - ئەجرىڭدىن بۇ تارىختا،
چىنىقتىڭ خۇددى ئالتۇندەك ھەقىقي تاۋلىنىپ ئوتتا،
مۇقام - ناخشا، ئۇسسۇل - مەشرەپتىكى سورۇنلىرىڭ كاتتا،
راۋاب، تەمبۇر ساداسى ياڭرىدى دوقمۇش - دوقمۇشتا،
ساداسى بەھرى ئۇممان ئاستىدىن گۆھەر ئايان ئەتتى.

تاۋاپ قىلدى جاھان ئەھلى شۇڭا سەندەك ئەزىز جاينى،
كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى، ئوپالدا تېرەك ھاي - ھاينى،
يېقىملىق ناخشا - سازلاردىن سۆيۈپ ئاڭلىدى «تاشۋاي»نى،
مۇنارىڭ بوي سوزۇپ ئاسمانغا، ئوينىتتى ھىلال ئاينى،
خۇداغا بەلكى سىر ھەم ئىلتىجاسىنى بايان ئەتتى.

سېنىڭدە قانچە مەردانە، باھادىر قەھرىمان ئۆتتى،
ئۇلار قەلبىگە ئەڭ يۈكسەك، ئۇلۇغۋار غايىنى پۈكتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېھىت بوپ قانچىسى جەڭ ھەم چېلىشتا قېنىنى تۆكتى،
سېپىللار چاك - توزانلار قايىنىمىدا لەيلىدى - چۆكتى،
تىنىم تاپماس شامالللار پەر - قاناتىنى كامان ئەتتى.

ئاشۇ ئەجداد ئىزىدىن ماڭ نىيازى، سەن بولۇپ تۇيغۇن،
يېرىلىپ ئۆت تەۋرىمەستىن ھېچ خەتەر ئوكيانىدا ئۇيقۇن،
شۇ چاغ ھەرقانچىلىك زور كۈچ قىلالمايدۇ سېنى تۇتقۇن،
ئېقىنلار شاۋقۇنىدىن ئىستىسە زەيتۇننى گەر سولغۇن،
ئەزىز نامىڭ چىچىپ رىشتە دىنىنى ئىمتىھان ئەتتى.

1990- يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

## ئۆمۈر سەۋداسى

(باتۇر روزى غەزىلىگە تەخمىس)

ئەزىز دوستۇم، قولاق سال، بۇ جاھاندا كۆپ تېپىشماق بار،
گېزى كەلسە خادا تاشلارغا دەھشەتلىك ئۇرۇلماق بار،
سۆكۈتتە باش ئېگىپ گاھىدا تەقدىرگە چوقۇنماق بار،
ئانامدىن بىر تۇغۇلدۇم، تەڭرىدىن مىڭ رەت تۇغۇلماق بار،
زاكامغا بىر بوغۇلدۇم، مىڭ سوئاللارغا بوغۇلماق بار.

ھايات يولى خەتەرلىك يول، كۆرۈنگەي بەك ئۇزۇن، ھەيۋەت،
بۇ يولدىن ھالقىغانلارغا نېسىپ بولدى شەرەپ - نۇسرەت،
لېكىن مەن تەمتىرەپ يۈردۈم، بىخۇدلۇقتا چېكىپ كۆپ دەرد،
ئۆزۈمنىڭ يوقلۇقىن بار ئەيلىمەكتۇر، بىر ئۆمۈر مەقسەت،
ھاياتىمەنكىم بۇ سەۋدادىن ماڭا قاي دەم قۇتۇلماق بار.

مەگەر كەلسە ماڭا كۈلپەت، مېنى شۇ چاغ ئەلەم يۇتقاي،
كېلىپ تەقدىر - پەلەك تەتۈر، ئەجەل پەيمانىسى توشقاي،
گويا قوشتىن ئېلىپ هارسام، يەنە سۆرەمگىمۇ قوشقاي،
بۇ سەۋدادىن قۇتۇلسام، ئۆزگە بىر سەۋدا مېنى تۇتقاي،
مەسەل بار: «قاچسا يولۋاستىن بۆرىگە تۇتۇلماق بار».

مېڭىشقا بى نىشان بولدۇم، بېشىمنىڭ ئىچ - تېشى قاتقان،
پەلەك قىسمەتلىرى ئىككى مۇرەمدىن تاغ بولۇپ باسقان،
تېخى مەن بولمىسام هوشيار، جاپالار هەددىدىن ئاشقان،
ماڭا يول - يولدا قاپقان بار، هامانە قاچقىنىم قاچقان،
بۇ تاغدىن ئاتلىسام گەر ئۆزگە بىر تاغقا سوقۇلماق بار.

ناۋادا ئۇرۇلۇپ تاغقا يېتىپ قالسامۇ دەرمانسىز،
يەنە غەيرەتلىنىپ يالغۇز يۈرەرمەن ئالغا كارۋانسىز،
يوقاپ كەتمەك نومۇس مەنچۈن، ئۇتۇق مۇنبىردە ئارمانسىز،
ئۆزۈمنىڭ بارلىقىمنى گەر ئىجاد ئەتسەممۇ توختاۋسىز،
رەهىمسىز شۇ ئەجەلنىڭ قارچىغىسىغا چوقۇلماق بار.

1991- يىل فېۋرال، قەشقەر

## تەمەيىم يوق ساخاۋەتتىن

(قادىر سىدىقنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئەزىز دوستۇم ئەقىدەم شۇ هەزەر ئەيلەيمەن نامەردتىن،
يىراقتۇرمەنكى مېهنەتسىز شەرەپتىن، تاجى - دۆلەتتىن،
ۋۇجۇدۇمغا يولاتايمەن غۇبار- ئىللەت، خۇشامەتتىن،

www.uyghurkitap.com

تەمەيىم يوق ساخاۋەتتىن ۋە يا تەييار ھالاۋەتتىن،
ئۈمىدىم ئىزدىمەك ھەردەم بەخت ـ بايلىقنى مېھنەتتىن.

كىشى مەقسەتكە يەتكۈچە نى سەۋدالار ئۆتەر باشتىن،
تەلەپ ئەھلى ۋاپا كۆرگەي ئىلىم ئاتلىق قەلەم قاشتىن،
ئۈمىدنىڭ غۇنچىسى كۈلمەس بىھۇدە كۈندە ۋايساشتىن،
«جاپانى كىم تولا تارتسا گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن»،
ئۇنىڭ چىن كۆڭلى شاد، خالىي ساناقسىز غەم ـ نادامەتتىن.

جېنىدىن كەچمىگەنلەرگە قۇچاق ئاچقانمىدى جانان،
ئۇلاردا بولمىغاچ زىنھار شىجائەت ـ بىغۇبار ۋىجدان،
پىشىپ ئۈجمە چۈشەر ئاغزىمغىلا دەپ ياتسىلا ھەرئان،
ئەجىرسىز قولغا كەلگەن نەپ توزۇيدۇ كۆل كەبى چاپسان،
كىشىگە ھەردىمى يوللاپ نېسىۋە رەنجۇكۈلپەتتىن.

نادانلىق ھەر كىشىگە ئەيلىگەي ئۆلپەت قاراملىقنى،
قاراملىق ئايرىماس ھەرگىز ھالاللىق ۋە ھاراملىقنى،
ئاشۇ ئىللەتكە كىم دۇچار تاپالماس تىنچ ـ ئاراملىقنى،
تەمە چىللايدۇ ئىنسانغا نادانلىق ھەم گادايلىقنى،
ئۇنىڭغا بولسا كىم بەندە تۇگەشكەي ئۆمرى زەخمەتتىن.

نىيازى يەڭ تۈرۈپ مەھكەم، تەرىڭدىن ئەيلىگىن گۈلباغ،
ئىجاد تۇلپارىغا مىنگىن ئېشىپ يۈكسەك داۋان ھەم تاغ،
ئۇلۇغ مەنزىلگە يەتكەندە دىلىڭدا قالمىغاي ھېچ داغ،
ھالالدىن ئاش ـ ئۇماچ ئىچسەڭ ھەسەل بىل، قادىرى ھەرچاغ،
ئۇدۇر جىسمىڭغا كۈچ ـ قۇدرەت، ئوشۇق شاھانە ئىشرەتتىن.

1988 ـ يىل ئىيۇل، قاراماي

# دىلىمدا كۆيلىرىم فونتان

(ياسىن ئىسمائىل ئەلتەرىش غەزىلىگە تەخمىس)

چۇشۇرمەيمەن قولۇمدىن ھېچ بوۋام مەھمۇد مىراسىنى،
كۆرۈپ قانمايمەن ھەر دائىم ئۇنىڭ نۇرلۇق جۇلاسىنى،
قىيىنكەن ئۆلچىمەك ھەرگىز قەدىر - قىممەت، ساپاسىنى،
كۈچەيتتىڭ ئەي «دىۋان» قامۇس كۆزۈمنىڭ نۇر - زىياسىنى،
ماڭا ئۆز ئەينى كۆرسەتتىڭ قەدىم تارىخ سىيماسىنى.

قۇرۇڭدىن چاقنىغان ھېكمەتتە قەلبىم كۈلدى - نۇرلاندى،
كۈنۈتۈن ئوقۇغانچە بۇ دىلىم چەكسىز ھۇزۇرلاندى،
ئىشق، مېھرىڭ ۋۇجۇدۇمنى قۇچۇپ ئۆز ئىلكىگە ئالدى،
سېنىڭ بىرلە ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم ئەقلى ئايان بولدى،
قۇرۇپ چىققان ئىكەن ئۇلار ئىلىم - پەننىڭ ئاساسىنى.

ئەجەب يېگانە قامۇسسەن، شىپا بەرگەن يۈرەكلەرگە،
ساڭا تەشنا قەلبلەرنى يەتكۈزۈپ تىلەكلەرگە،
قويۇلدۇڭ قانچە مۇنبەردە، يەنە كاتتا كۆرەكلەرگە،
سېنى كىمكى ئوقۇپ چىقسا قايىلدۇر تىل تۈركلەرگە،
تېپىپ چىقتىم، دېگەي جەزمەن نادانلىقنىڭ داۋاسىنى.

ساڭا سىڭگەن ئەمەسمۇ شۇ بوۋامنىڭ تەر بىلەن قانى،
سېنىڭ بىرلە يېزىلغاندۇر بۇ تارىخقا بۈيۈك نامى،
تارالدى بارچە ئالەمگە ئۇنىڭ ئۆچمەس شەرەپ - شانى،
سېنىڭ ھەربىر قۇرۇڭ پۈتمەس ئەقىلنىڭ جەۋھىرى، كانى،
ساڭا تەڭ ئەيلىمەيمەن ھېچ جاھاننىڭ مىڭ باھاسىنى.

كۆزۈمگە تۇتىيادۇرسەن، سېنىڭ مېھرىڭ گويا ئوكيان،
بېرەرسەن باتىنىمغا نۇر، ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۋەت - دەرمان،
ياراملىق ۋارىسىڭ بولماق مېنىڭ قەلبىمدىكى ئارمان،
ساڭا بولغان مۇھەببەتتىن دىلىمدا كۆيلىرىم پۈتتان،
زېمىن بوشلۇقتا سىغمايدۇ قويۇپ بەرسەم ساداسىنى.

1991- يىل يانۋار، قەشقەر

## پوندىلەك

(ئابدۇقادىر مۇھەممەتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

دىل بېرىپ مەندەك يېتىمغا پوندىلەك،
كەتمىدىڭ يىراق - يېقىنغا پوندىلەك،
گۈل ئېلىپ ئىزدەپ بېغىمغا پوندىلەك،
ياد ئېتىپ كەپسەن قېشىمغا پوندىلەك،
چۈشسە بىر قىسمەت بېشىمغا پوندىلەك.

خۇددى ئەگىم ئايغا ئوخشاش قاشلىرىڭ،
يەلپۈنەر يەلكەڭدە سۇمبۇل چاچلىرىڭ،
بارمىدۇ مەندىن بۆلەك سىرداشلىرىڭ،
لەۋ يېقىپ مەڭزىمگە، تۆككەن ياشلىرىڭ،
جور بولۇپ ئاققىن يېشىمغا پوندىلەك.

سۆيگۈدىن سالغاچ جېنىمغا جەبرىنى،
ئاھ ئۇرۇپ تۆكتۇم كۆزۈمدىن قەترىنى،
بىلمىگەچ سەن پاك دىلىمنىڭ قەدرىنى،

بىر مەھەل تارتتىم مۇھەببەت دەردىنى،
سەن قىچىپ تەگدىڭ چىشىمغا پوندىلەك.

يۇردۇما سەرسان بولۇپ تاغ - دۆڭلىدە،
ھەم قىلىپ يامغۇر بىلەن مۆلدۈرلىدە،
دۇم يېتىپ يۇلغۇن، چاكاندا تۇۋىدە،
مەن قىلىپ ئىشق - مۇھەببەت چۆلىدە،
شۇندا ئاق كىردى چېچىمغا پوندىلەك.

ياندۇرۇپ سۆيگۈ - ۋىسالىنىڭ گۈلخىنى،
تەڭلىبان ئاخىر لېۋىڭنىڭ جامىنى،
دەپ «ئەزىز جانانە يارىم سەن قېنى؟»
ھە بۇگۈن كەپسەن يەنە ئەسلەپ مېنى،
ئوت سېلىپ مىسكىن دىلىمغا پوندىلەك.

سەن بىلەن ئۆمرۈم گۈلى ياشناپ كۈلەر،
بولدى ئوتقا تاشلىغىنىڭمۇ يېتەر،
ئەي نىگار مېھرىڭ دىلىمنى خۇش ئېتەر،
مەن رىزا سەندىن ھامان شامۇسەھەر،
يار - يۆلەك بولساڭ ئىشىمغا پوندىلەك.

كىرمەيىن بەڭۋاش خىيالىنىڭ كەينىگە،
چىقمىغايمەن ئەمدى يالغۇز سەيلىگە،
قىپ ئەمەل لەۋزىمگە، بەرگەن ۋەدىگە،
سەن بىلەن ئۆرلەيمەن يۈكسەك پەللىگە،
مىنگىشىپ ئۇچقۇر ئېتىمغا پوندىلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# رۇبائىيلار

ھەر ئىشتا خەلقنىڭ باقغىن رايىغا،
چۈشمىگىن مەككارنىڭ ھەرگىز دامىغا.
ياشىغىن ئىنسانىي ئەقىدە بىلەن،
يەتكىن ھەم مىسكىننىڭ دەردى - ھالىغا.

*　　*　　*

پەس ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ،
يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى ھەتتا خار قىلىپ.
ياشىغىن ھەقىقىي مەردانە ئەردەك،
ئىجاد ۋە تۆھپەڭدىن يوقنى بار قىلىپ.

*　　*　　*

يانغاندا قەلبىڭدە ۋىجدان مەشئىلى،
ئۇ بىلەن نۇرلىنار ئۆمۈر مەنزىلى.
ئەگەر ئۇنىڭدىن بولساڭ مۇستەسنا،
مەھكۇم بوپ تۈگەيسەن ئاخىر بىر يولى.

* * *

ئەي ئىنسان، ھەر ئىشتا ۋىجدانەن ئىش قىل،
ۋىجداننى ئۆمرۈڭدە ئەتىۋالىق بىل.
قورال قىپ ۋىجداننى ھەق گەپنى سۆزلەپ،
ئۇ بىلەن رەقىبىنىڭ يۈرەك - باغرىن تىل.

* * *

ۋىجدانسىز ئادەمدىن كۈتمە شاپائەت،
كەلمەيدۇ ئۇنىڭدىن ئەل - ۋەتەنگە نەپ.
ئۆزىنىڭ قوۋمىغا قىلىپ ئىپلاسلىق،
ياشايدۇ ۋىجدانغا قىلىپ خىيانەت.

* * *

ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ ئۆزى بىر قۇلدۇر،
ئۇنىڭكى مىزانى پەقەتلا پۇلدۇر.
سېتىلىپ ھەتتاكى ئەتكەس بىر مالدەك،
بارىدۇ ئەجەلنىڭ قوينىغا بالدۇر.

* * *

ھاياتتا مەۋقەسىز ئادەملەردىن قورق،
كەلمەيدۇ ئۇنىڭدىن مىللەتكە خوۋلۇق.
بىر ئۆمۈر ئىپلاسلىق، رەزىللىك قىلىپ،
ھەق، ئادىل كىشىگە ياغدۇرار ئۇ ئوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* * *

قەلبىڭنىڭ قەسرىنى زىننەتلە پەندىن،
پەن بىلەن ئەل - ۋەتەن نۇرلىنار سەندىن.
مەرىپەت ئىشقىدا يانساڭ بىر ئۆمۈر،
بىشىڭغا ئەل چاچقۇ چاچار چىمەندىن.

* * *

ئالدىراپ ئۆزگىگە دەردىڭنى تۆكمە،
رەنجىگە ئۇنىڭدىن شاپائەت كۈتمە.
ۋىجدانسىز نامەردكە سىرىڭنى بىرىپ،
ئاخىرى پۇشايمان يەپ قايغۇغا چۆكمە.

* * *

بەزىلەر پۇل - مالغا ئاتايدۇ جاننى،
هارامدىن پۇل تىپىپ تومىلايدۇ ياننى.
تويمىغاچ ئۇلارنىڭ نەپسى ھىچقاچان،
سىتىشقا رازىدۇر نومۇس - ۋىجداننى.

* * *

جىسمىڭدىن نادانلىق يىلتىزىن قۇرۇت،
پەن بىلەن دىلخانەڭ ئۆيىنى يورۇت.
ئىجاد ۋە تۆھپەڭدىن قازساڭ دۇردانە،
ئاچىدۇ باغرىنى ساڭا بەخت - قۇت.

*　　*　　*

تۇرمۇشتا ۋاپادار ئۆتسە ھەر كىشى،
بەخت ۋە شادلىقتا يۇرۇشكەي ئىشى.
ئەگەردە مۇستەسنا بولسا ئۇنىڭدىن،
ئازاب ۋە خورلۇقتىن ئايلىنار بېشى.

*　　*　　*

دوستۇڭغا كەلگ قورساق بولغىن رەھىمدىل،
بولمىغىن ھەرگىزمۇ ئىچى تار، بېخىل.
مۇشكۇلگە دۇچ كەلسە بولۇپ ھەمنەپەس،
ئۆتكەن مىڭ ياخشىدۇر ئىناق ۋە ئىجىل.

*　　*　　*

ئادەمدە بولمىسا ۋىجدان ھەم غۇرۇر،
ھەر ئىشتا پىشكەللىك ـ پالاكەت ئۇرۇر.
تۇرمۇشى گۇللەنمەي، تاپماستىن روناق،
گوياكى قاقشال بىر دەرەختەك قۇرۇر.

*　　*　　*

مەرد ئادەم ياشايدۇ قورقماستىن پەقەت،
رەقىبىنىڭ سۆزىنى مەڭگۇ قىلىپ لەت.
نامەردلەر غۇرۇر ۋە ۋىجداننى سېتىپ،
ياشايدۇ ئۆزگىگە قىلىپ خۇشامەت.

* * *

دوستۇڭغا ھەر ۋاقىت باغلا ساداقەت،
تۇتمىغىن بىر ئىشتا ھەرگىز ئاداۋەت.
ناۋادا ئۇنىڭغا خىيانەت قىلساڭ،
چېكىسەن ئاخىرى پۇشمان ـ نادامەت.

* * *

دىل بىلەن تىلى يات ئادەملەردىن قورق،
ئۇلاردا ھەرگىزمۇ مېھىر ـ ۋاپا يوق.
كەلمەيدۇ ئۇلاردىن ياخشىلىق ھەرگىز،
شۇڭلاشقا قەھرىڭنى قىلغىن ئاڭا ئوق.

* * *

بولمىغىن ھەرگىزمۇ نەپسىڭنىڭ قۇلى،
ئۇ بىلەن يىمىرىلەر ئۆمرۈڭنىڭ ئۇلى.
ئۆزۈڭنى تىزگىنلەپ ئاگاھ بولمىساڭ،
رەسۋا بوپ تۈگەيسەن مەڭگۈ بىر يولى.

* * *

ھەقىقىي پاك ۋىجدان بولغاندا سەندە،
غۇرۇرلۇك ھەرگىزمۇ بولماس دەپسەندە.
ئەگەردە ئايرىلساڭ ئۇنىڭدىن بىر كۈن،
تۆكۈلەر ئىززىتىڭ بولۇپ شەرمەندە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

* * *

تۇز بەرسەڭ ھەسەتخور، نامەردكە ئەگەر،
ئاخىرى قەلبىڭنى غەليان ـ غەش ئېتەر.
ئاق كۆڭۈل، ساپ دىلغا قىلساڭ خەيرىخاھ،
ئۇ سېنىڭ مەڭگۈگە قەدرىڭگە يېتەر.

* * *

ياخشىلىق قىلغاننى كۆتۈرگىن ئېگىز،
ئۇنتۇما ياخشىلىق قىلغاننى ھەرگىز.
كىمگە كىم ساخاۋەت قولىنى سوزسا،
ئۇ مەڭگۈ دىللاردا تارتىدۇ يىلتىز.

* * *

قەلبىڭگە مەرىپەت مەشئىلىنى ياق،
توختىماي بىلىمنىڭ دېڭىزىدا ئاق.
يېتىسەن مەنزىلگە ھامان بىر كۈنى،
بولسىلا قەلبىڭدە ئارزۇ ـ ئىشتىياق.

* * *

پەن ـ بىلىم دۇنيادا ھەممىدىن قىممەت،
ئۇنىڭدىن كىشىلەر تاپىدۇ ھېكمەت.
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشى
بىر ئۆمۈر پۇشماندا چېكىدۇ ھەسرەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

ئۇستاز ئۇ گوياكى بىر نۇرلۇق چىراغ،
ئۇنىڭدىن غاپىللىق قاچىدۇ يىراق.
ئاچار ئۇ نادانلىق زۇلمىتىگە ئوت،
ئۇ بىلەن چۆللەرمۇ بوستان بولۇر باغ.

* * *

نادانىنىڭ ھال - كۈنى مەنىسىز بولۇر،
يېگەن ئاش - نېنىمۇ تەمسىز بولۇر.
ئۆتكۈزەر كۈننى بولۇپ لايغەزەل،
بىر ئىشقا دىتى يوق پەمسىز بولۇر.

* * *

ئانا ئۇ گوياكى چاقنىغان چولپان،
ھارارەت تەپتىدە مېھرى ئوت - گۈلخان.
ئۇنىڭ تەر - ئەجرىنى تەرىپلەش قىيىن،
يېزىپمۇ قانچىلاپ كۈي - غەزەل، داستان.

* * *

تەمى يوق باشقىلار چاينىغان نانىنىڭ،
ھەتتاكى تۈيۈقسىز كەلگەن گۆش - سانىنىڭ.
تەرلەنسەڭ ئۆزگىنىڭ جۇۋىسىدا سەن،
ساپ بولماي بۇلغىنار ھەتتا ئىمانىڭ.

*           *           *

كىيىمگە چەل يۇقسا ئېرىيدۇ ئاسان،
بۇ ئاددىي بىر ساۋات ھەممىگە ئايان.
ۋە لېكىن كۆڭۈل ئۇ نازۇك بىر دۇنيا،
ئۇنىڭغا كىر تەگسە ئېرىمەس ھامان.

*           *           *

ئىجادكار ئەھلىگە تەپەككۇر قانات،
ئۇ بىلەن سامادا پەرۋاز قىلار شاد.
قازانسا ئەجرىدىن زەررىچە ئۇتۇق،
شۇندىلا سېزەر ئۇ ئۆزىنى ھايات.

*           *           *

بەزەنلەر پۇل - مېلىم ھاياتلىق دەيدۇ،
كۈن ۋە تۈن شۇنىڭلا غېمىنى يەيدۇ.
بەزەنلەر ئەجرىدىن تىكلەپ ئابىدە،
ئۆمرىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

*           *           *

ھەسەتخور تۇلكىدىن ئەيلىگىن ھەزەر،
ئۇنىڭدىن بېشىڭغا ھەر بالا كېلەر.
بولمىساڭ ھەر ئىشتا ئۇنىڭدىن پەخەس،
ھەتتاكى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرەر.

* * *

قەلبىڭگە ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرنى پۈك،
بولمىغىن ھەرگىزمۇ ئەل - ۋەتەنگە يۈك.
قالدۇراي دېسەڭ سەن ھاياتىڭدىن ئىز،
ئەل - يۇرتنىڭ ئىشچۈن ھەتتاكى قان تۆك.

* * *

ياشىغىن ھەقىقىي ئەردەك مەردانە،
ئەمەل ۋە شۆھرەتكە بولماي پەرۋانە.
قىلساڭ گەر غۇرۇر ۋە ۋىجداننى نابۇت،
بولىسەن ئاقىۋەت سەرسان - ۋەيرانە.

* * *

شائىر ئۇ ۋەتەننىڭ غەيۇر ئوغلانى،
ئۇنىڭكى قەلبى ئوت، ماگما - گۈلخانى.
يۈرەكنى تىترىتىپ سېھرىي كۈچ بىلەن،
لەرزىگە سالار ئۇ ھەتتا تاغلارنى.

* * *

ئايرىلساڭ ئەل - يۇرتتىن باسىدۇ كۈلپەت،
چىرمايدۇ قەلبىڭنى ئەلەم ھەمدە دەرد.
ھاياتتا سەرسانلىق، سەرگەردانلىقتىن
ئارتۇق بىر خورلۇق يوق بۇ بىر ھەقىقەت.

*           *           *

چاقنىسۇن قەلبىڭدە ئۇلۇغۋار غايە،
چۈشمىسۇن بېشىڭغا غەپلەتتىن سايە.
ئەل ياقار يولۇڭغا يېشىل بىر چىراغ،
ئىلگىرىلە تېخىمۇ ئالغا مەردانە.

*           *           *

ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆزۈڭگە دوستۇ يار قىلغىن،
ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئۆمرۈڭ بېغىنى لالىزار قىلغىن.
گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ئەھلىنى ھەردەم تۇتۇپ ئۇستاز،
تەۋەررۈك ھەر سۆزىنى ئەتىۋارلىق تىلتۇمار قىلغىن.

*           *           *

قەرزدار قىلغىن ۋاقىتنى، قەدرىگە يەت ھەرقاچان،
بول ئىگە ھەغدا ئاگا، پۇشمان يېمە تارتىپ زىيان.
چۈنكى ئىنسانغا ھاياتلىق كېلىدۇ بىرلا قېتىم،
بۇ ھەقىقەت خۇددى كۈندەك ھەممىگە روشەن، ئايان.

*           *           *

ئۇلۇغۋار غايىلىك ئىنسان ھەقىقەت ۋەسلىدىن قاچماس،
ئەمەل، بايلىققا ئۇ ھەرگىز غۇرۇر، ۋىجدانىنى ساتماس.
بېشىغا چۈشسىمۇ تۆھمەت قىلىچى تىك تۇرۇپ مەغرۇر،
رەقىبلەردىن كۈتۈپ شەپقەت، كۆزىگە تەلمۈرۈپ باقماس.

*　　　*　　　*

ئىلىم - پەن خۇددى بىر مەشئەل، كۆڭۈلنىڭ تۆرىگە ياقتىن،
ئىلىم - پەن خۇددى بىر دەريا، ئۇنىڭدا توختىماي قاقتىن.
گۈزەل ياشلىق باھارىڭدا ئىلىم - پەننى قورال ئەيلەپ،
بۆسۈپ مۈشكۈل توساقلارنى گۈزەل ئىقبالغا يول ئاچقىن.

*　　　*　　　*

قوراللان پەن بىلەن دوستۇم، ئۇنىڭدىن كۈچ-مادار تاپقىن،
نادانلىقنى قىلىپ گۇمران، ئېگىز كۆكتە قانات قاققىن.
بىراۋنىڭ مېلىنى داڭلاپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ يۈرمەي،
ئۆزۈڭمۇ يوقنى بار ئەيلەپ، ۋەتەنگە تۆھپىلەر قاتقىن.

*　　　*　　　*

بايقىماستىن پارقىراق مىسنى كۆرۈپ ئالتۇن دېمە،
ۋال قىلىپ ئۆچكەن چىقىننى ئەسلىي بۇ يالقۇن دېمە.
كۆڭلىدە غايە - ئۈمىدى بولمىغان ئىنسانلىنى
جەڭ - چېلىش پەيتىدە ھەرگىز بۆسىدۇ توسقۇن دېمە.

*　　　*　　　*

باغقا كىرگەنتىم كۆزۈم چۈشتى قۇرتلۇق ئالمىغا،
مەن نەزەر تاشلاپ ئۇنىڭغا، دەسسىۋالدىم سالمىغا.
كۈھنقاپتىن چىقتى شۇئان زەپمۇ دەھشەتلىك بوران،
زەربىدىن باشىم قېيىپ چۈشتۈم يىقىلىپ چالمىغا.

*　　　*　　　*

يىغىپ ئەقىل - ھوشۇڭنى، بىخۇدلۇقتىن بول يىراق،
بىخۇد كىشى گوياكى ياغسىز تۇرغان جىنچىراغ.
ئىنسانغا بەك زۆرۈردۇر زېرەكلىك ۋە ھوشيارلىق،
بولما غاپىل ھەرگىزمۇ چەكمەي دېسەڭ دەرد - پىراق.

1986 — 1994- يىللار، قەشقەر



# يالقۇنلۇق خىتاب

(باللادا)

ئەسسالام ئەي سۇزاق[1] سۆيۈملۈك دىيار،
مۇبارەك باغرىڭغا قويدۇممەن قەدەم.
پۈرايدۇ باغلىرىڭ قوينىدىن ئىپار،
نە يېزا، گويا سەن بىر باغى ئېرەم.

پۈركەنگەن ھەممە يەر ياپيېشىللىققا،
ئورمانلار دېڭىزى تەۋرەيدۇ تىنماي.
بۇلبۇل ۋە كاككۇكلار بەسلەشكەندەك تەڭ،
ئېيتىدۇ مۇڭلۇق بىر ناخشىنى قانماي.

ئۇچىېرىق ② سۇلىرى كۆۋەجەپ ئەنە،
ئاقماقتا تۇپراقتا باغرىنى يېقىپ.
مەيلىمنى ئۆزگە ئەيلىگەچ ئەسىر،
زۇمرەت سۇ قوينىدا كېلىمەن ئېقىپ.

---

① ② قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىسىدىكى جاي ناملىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باراقسان، مېۋىزار يوللىرىڭدا شاد،
ھېسلارغا چۆمۈلۈپ كېتىپ بارىمەن.
قەلبىمدە چىن سۆيگۈ قوزغايدۇ ھايات،
ساپ - سالقىن ھاۋادىن نەپەس ئالىمەن.

ئوڭۈممۇ، چۈشۈممۇ، ئېتەلمىدىم پەرق،
توساتتىن بىر نۇرلۇق سىيما كۆرۈندى.
چاچلىرى ئاقارغان، بېشىدا دوپپا،
يۈرىكىم تونۇغاچ، جېنىم سۆيۈندى.

قولىدا چاقنايدۇ «كىتابى غېرىب»، [1]
نە كىتاب، قامۇسى ئاشۇ ئەسىرنىڭ.
شېئىرىيەت مۇنارى تىكلەش ئۈچۈن ئۇ،
ئۇلىغا خىش تىزغان ئالتۇن قەسىرنىڭ.

كەلمەكتە ئانا يۇرت سۆيگۈسى بىلەن،
تەبەسسۇم ئىلكىدە قاراپ ھەر ياققا.
«ئەسسالام،— دېدىم - دە ئالدىغا بېرىپ،
ئەي ئۇلۇغ ئۇستازىم، سەپەر قاياققا؟»

ئۇ گويا سىرداشتەك تەبەسسۇم بىلەن
تىكىلدى مەن تۇرغان بۇ باغقا شۇئان.
سالامىم بىلدۈرگەچ چوڭقۇر ھۆرمەتنى،
دېدى ئۇ: «ھە، ئوغلۇم، بارمۇسەن ئامان؟

---

① «كىتابى غېرىب»— XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ(غېرىبى) يازغان كىتاب.

ئاڭلىدىم سىنىڭ كۆپ تەرىپلىرىڭنى،
نەۋرەم ھەم چەۋرەمدىن ھاياجانلىنىپ.
مىللەتنىڭ روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن،
ئۇستاز بوپ چىقىپسەن جەڭگە ئاتلىنىپ.

مەسۇم قەلبلەرگە نۇر ياققىن ئاۋۋال،
ئورنىسۇن ئۇنىڭغا ئەل - يۇرت سۆيگۈسى.
چىن سۆيگۈ ئورنىسا ئۇ پاك دىللارغا،
پارلاقتۇر تىخمۇ يۇرتنىڭ كەلگۈسى.

شۇندىلا ھېچقانداق زوراۋان بىر كۈچ،
ئۇلارنى ھەرگىزمۇ قىلالماس بوزەك.
ئەجدادلار ئۇدۇمى سىڭسە ۋۇجۇدقا،
بولمامدۇ سادىردەك باتۇر، ئوت يۈرەك.

مەن ئەينى زاماندا ھۇنەرۋەنلەرنىڭ
ئەخلاقى ھەققىدە يازغانتىم كىتاب.
ئۇلارغا «ھەقىقىي ھۇنەرۋەنگە خاس
روھ بىلەن ئىشلە» دەپ قىلغانتىم خىتاب.

ئەپسۇسكى، مەن ھازىر بولسامتىم ھايات،
ئۇستازلار شەنىگە يازاتتىم داستان.
ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئەجرىنى قۇتلاپ،
ئۆتسەم گەر قالمايتتى دىلىمدا ئارمان.»

شۇ ئۇتلۇق خىتابتىن جىمى كائىنات
بىردىنلا جانلىنىپ كەلدى لەرزىگە.
يۈرىكىم دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدەك
داۋالغۇپ، ھېسلىرىم چىقتى ئەۋجىگە.

ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىممەن قېتىپ،
ئالدىمدىن غېرىبنى بولغاندا غايىب.
مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ مۇبارەك سۆزى
ئويۇلدى دىلىمغا كۆركەم ئاجايىپ.

1982- يىلى قەشقەر



www.uyghurkitap.com

# نۇرلۇق سىيما

(باللادا)

قايىم ئويغاق ياتار كارىۋاتتا،
كۆڭلى ئايىنىپ پەرىشان بولۇپ.
ئۇيقۇ كەلمەس كۆزىگە ئەسلا،
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ.

گاھ ئۇياققا ئۆرۈلسە ئاستا،
گاھ بۇياققا ئۆرۈلەر بىر رەت.
دەيدۇ: «نىچۈن كەلمەيدۇ ماڭا،
باشقىلارغا يۈزلەنگەن ئامەت.

ئېشىپ كەتسە مېنىڭدىن ياشلار،
قانداق ياشاي، قانداق كۈن كۆرەي.
جۇلغۇۋالسا كۆڭلۈمنى غەشلىك،
بۇ ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزەي…؟»

قىلىپ شۇنداق خىياللارنى ئۇ،
يۈرەك ـ باغرى بولدى مىڭ پارە.
كۆزلىرىمۇ ئىششىدى ياشتىن،
ھېچ تاپالماي ئۈنۈملۈك چارە.

شۇ تەرىقە ئازاب ئىچىدە،
تىكتى تۇڭلۇك تامان كۆزىنى.
نۇر ئىچىدە بىر تونۇش سىيما،
ئايان ئەتتى غىل - پال ئۆزىنى.

نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ شۇندا
قايىم ياتقان كارىۋاتقا تىزدىن.
گۇلدۇرماما يەڭلىغ سۆزىنى
بومبا قىلىپ ئاتتى ئېغىزدىن.

«ياتالمىدىم گۆرۈمدە، سىنىڭ—
قىلمىشىڭدىن چىكىپ داد - پەرياد.
ئىسىت، سەندەك ئوغۇلنى بېقىپ،
چوڭ قىلغانغا تويدۇم، پەندىيات.

ئادەمگە خاس غۇرۇر، ۋىجداندىن،
يوقكەن قىلچە ئەسەرمۇ سەندە.
ئۇدۇم ئاپسەن ئىتنىڭ خۇيىدىن،
ئويلاپ باققىن سەن قانداق بەندە؟!

مايمۇن سۇپەت ئويۇنلىرىڭنى
كۆرسىتىپسەن سەھنىلەر ئارا.
توۋا، ئاشۇ رەزىللىكىڭدىن
ئۇياتماپسەن ئەي كۆڭلى قارا.

چايان مىجەز خۇيۇڭمۇ باركەن،
ئاقىللارنى چېقىپ ياشاپسەن.
تۆھمەت، ھەسەت ئوقلىرىنى ھەم
يۈرىكىگە ئېتىپ ياشاپسەن.

سىنى ھازىر ساق دەيلى ماقۇل
بۇ جاھانغا بولامسەن باقىي.
ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى يەپ،
كۆككە تۇۋرۇك بولامسەن ياكى؟

ئالتە كۈنلۈك قونالغۇغۇ بۇ،
ئۇ دۇنياغا كېتىسەن بىر كۈن.
جىنازاڭنى كۆتۈرىدۇ كىم؟
ماتەم تۇتۇپ يىغلاپ سەن ئۈچۈن.

بۇنى ياخشى ئويلانماي تۇرۇپ،
بۇ ھاياتتا ياشايمەن دېمە.
مېڭىۋېرىپ ئاشۇ يولۇڭدا،
كېيىن ئىغىر پۇشايمان يېمە».

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قايىمنىڭ
باش ئۈستىدە چاقماق چېقىلدى.
بولدى غايىب ئۇ نۇرلۇق سىيما،
قايىم ھوشسىز يەرگە يىقىلدى.

تۇرالارمۇ ئورنىدىن قايتا،
قالدىمۇ ئۇ ياكى نەپەستىن.
مەيلى ئۆلسۇن، مەيلى تىرىلسۇن،
ئاشۇ سۆزلەر چىقمىغاي ئەستىن.

1984- يىلى قەشقەر

# ئويتاغ سۈرەتلىرى

( داستان )

## مۇقەددىمە

گۈزەل ئويتاغ، خىلۋەت ئۆز ماكان،
سىھرىي كۆچكە نەقەدەر بايسەن.
يايلىقىڭ گۈل، تاغلىرىڭ مەخمەل،
سەن كۆكتىكى پارلىغان ئايسەن.

## قۇتلۇق سەپەر

ئاپتوبۇس بىكەتتىن قوزغالدى مانا،
شادلىقتىن يۈرەكلەر ئوينىدى يايراپ.
سىزىلدى كۆزلەرگە رەڭمۇرەڭ سۈرەت،
كەتتۇق بىز يۇرت ئارىلاپ شۇنچە يىراقلاپ.

ئۆتتۇپ بىز نەچچە يۇرت، نەچچە كۆۋرۈكتىن،
گۈزەل يۇرت ئوپالغا قالدۇق يېقىنلاپ.
باقتۇق بىز بۇ يۇرتقا، بۇ قۇتلۇق جايغا،
قەلبتە چاقماقتەك سۆيگۈ چېقىنلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەل بۈگۈن ئوپالنىڭ بازار كۈنىدىن،
ئادەملەر خۇددى بىر دولقۇنلۇق دەريا
ئاشلىنار قۇلاقتا ئاشپۇزۇللاردىن:
«يەڭ مېهمان، ئاش - مانتا» دېگەن سادالار.

ئۆتتۇق بىر كۆزىمىز قىيماي بۇ يۇرتتىن،
ماشىنا قۇيۇندەك كەتتى ئىلگىرىلەپ.
ئورمانلار دېڭىزى تاشلىنار كۆزگە،
ئۆتكەندەك پاراتتىن ئەسكەرلەر سەپ-سەپ.

يىراقتىن كۆرۈندى ھەيۋەتلىك بىر تاغ،
ئاز قالدۇق كەلگىلى ئاڭا يېقىنلاپ.
ئاخىرى كەلدۇق بىز تاغ باغرىدىكى
يولغىمۇ بىر كىچىك ئېقىننى بويلاپ.

ئېقىننىڭ سۇلىرى ئاقىدۇ ئويناپ،
چاچرىتىپ تاشلاردىن تاشلارغا ئۈنچە.
يۈلغۈنلار يۇيۇنار شۇ ئۈنچىلەردىن،
كۈۋەجەپ ئاققاچقا تاغ سۈيى شۇنچە.

كۆزنەكتىن چىقىرىپ باشلىرىمىزنى،
قارىدۇق تاغلارغا، ئېقىنغا تويماي.
«مەرھابا مېهمانلار! ...» دېگەندەك ئەنە،
باشماقتا يۇلغۇن ھەم توغراق خۇش چىراي.

## خىلۋەتتىكى گۈزەل يۇرت

ئاپتوبۇس توختىدى دەريا بويىدا،
بىز ماڭدۇق پىيادە يۇرتنى ئارىلاپ.

قۇياشمۇ سەپەرگە تىلىگەندەك قۇت،
چاچماقتا مېھىرلىك نۇرىنى شۇ تاپ.

شىددەتلىك ئاقىدۇ ئويتاغ دەرياسى،
بۇ يۇرتنى قاپ بەلدىن ئىككىگە ئايرىپ.
دەريانىڭ باغرىدا توغراق ھەم سۆگەت
كېتىپتۇ شۇنچىلىك ئۆسۇپ ھەم ئاينىپ.

تاغلار قەد كۆتۈرۈپ گىگانت ئادەمدەك،
تۇرىدۇ بەك ھەيۋەت كۆككە تاقىشىپ.
قىلچىنىڭ بىسىدەك كېتىپتۇ چاقناپ،
بۈركۈتلەر يايراپتۇ ئۇندا سايرىشىپ.

تاغ باغرى قارىغايزار، ئورمانلىق ئىكەن،
ئۇنىڭغا مىڭ كۆزدە باقىمىز تويماي.
گۈزەل بىر كارتىنا نامايان بۇندا،
بىز ئۇچۇن تەڭداشسىز بىر دۇنيا ئايھاي...

شۇنچىلىك جەزبىلىك، شۇنچىلىك كۆركەم،
بىر سۈرەت كۆرۈپ بىز كەلدۇق مەلىگە.
ئادەملەر بەك قىزغىن قارشى ئېلىشتى،
رەھمەتلەر ياغدۇردۇق يۇرتنىڭ ئەھلىگە.

بىز يەنە يايلاققا قاراپ ئاتلاندۇق،
تاغ باغرى يول بىلەن مېڭىپ پىيادە.
قانچىلاپ تاغلاردىن، ئېقىندىن ئۆتتۇق،
بولغاچقا دىللاردا يۈكسەك ئىرادە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىغىر يول تېيىلغاق، مېڭىشمۇ ئەپسىز
بولسىمۇ سەپەرنى قىلدۇق بىز داۋام.
تاكى بىر مەنزىلگە يەتمىگۈچىلىك
يول بويى قىلچىلىك ئالمىدۇق ئارام.

قارىغاي ھەم ئارچىلار بولدى ئارغامچا،
ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆتتۇق ھاڭلاردىن.
مۈشكۈلگە قىلچىلىك ئەگمەستىن بويۇن،
ئاشتۇق بىز قانچىلاپ تاغ - داۋانلاردىن.

تاغ ئۈستى يېشىللىق دۇنياسى ئىكەن،
ئوت - چۆپلەر ئادەمنىڭ كېلەر تىزىغا.
ئات - كالا، قوتازلار ئوتلاپ يايرىشىپ،
قولانلار يۈرۈشەر پاتماي قىنىغا.

ھېچ ئۈمىد ئۈزەلمەي بۇ كارتىنىدىن،
ھەيرانۇھەسلىكتە قالدۇق بىز تۇرۇپ.
تاغلارنىڭ سەلكىنى مەست قىلدى بىزنى،
گۈللەرنىڭ ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇپ.

گۈللەرنىڭ بەرگىدە يالتىرار شەبنەم،
قۇياشنىڭ نۇرىدا كېتىپتۇ چاقناپ.
تاغلارنىڭ باغرىدا ئاققان زىلال سۇ،
كۆرۈنەر ئەينەكتىن يارقىن يالتىراپ.

شادلىقتىن يۈگۈرۈپ، ئوينىدۇق، كۈلدۇق،
بالىلىق چاغلارنى ئەسلەپ، ياد ئېتىپ.

قوللاردا قارىغايىنىڭ كىچىك شاخلىرى،
ئويىنىدۇق بىز ئۈنى- ھەتتا «ئات» ئېتىپ.

ھارغاندا ئېغىناپ ياتتۇق چۆپلۈكتە،
زەڭگەر كۆك ئاسمانغا تويماستىن بېقىپ.
مۆڭدىشىپ قانمىدۇق دوستلار بىلەن ھېچ،
خىيال دەرياسىدا توختىماي ئېقىپ.

چىقتۇق بىز ئاخىرى يايلاققا تەستە،
ھالسىراپ، ھۆمۈدەپ، تەرلەپ ھەم پىشىپ.
ئېھ! قاپتۇ قاپتاللار چوڭقۇرلاپ پەستە،
ئېگىزلەپ كېتىپتۇق بەللەردىن ئېشىپ.

يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى چېدىر —
ئۆيلەردىن قىز - ئوغۇل ئوماق باللار.
بىز يېتىپ كەلگەندە ئېھتىرام بىلەن
كۈتۈشتى مېھرىبان ئاتا - ئانىلار.

باشلىدى ئۆيلەرگە، جاي بەردى تۆردىن،
قۇيۇلدى قىمىزلار — يايلاق نېمىتى.
داستىخانغا قويۇشتى ئىرىك قوي گۆشى،
چوڭ ئىكەن بۇ يۇرتتا مېھمان ھۆرمىتى.

## كەكلىك ئۇيۇنى

ئەتىسى قايتتۇق بىز چاشكا بىلەن تەڭ،
تەشەككۇر ئېيتىپ شۇ يايلاق ئەھلىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېھرىنى ئۆزەلمەي ئۆزاتتى ئۇلار،
ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ياندۇق مەلىگە.

خەتەرلىك تىك تاغدىن چۈشۈپ بىخەتەر،
ماڭدۇق بىر يۇلغۇنلۇق جىرانى بويلاپ.
ئاقماقتا تاغ سۈيى يېيىلىپ ئەنە،
تاشلاردىن تاشلارغا سەكرىشىپ ئويناپ.

يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن ئاڭلاندى بىردىن
كەكلىك ھەم تورغاينىڭ يېقىملىق ئۈنى.
«تۇتايلى كەكلىكنىڭ بالىسىنى» دەپ،
ئۆتۈشتۇق كىچىپ بىر ئېقىننى - سۈنى،

بىرھازا يۇلغۇنلۇق ئىچىنى كېزىپ،
ئۇچۇرما بولغان بىر كەكلىكنى تۇتتۇق.
قوللاردىن قوللارغا ئېلىپ بىز ئۇنى،
شادلىقتىن كۈلۈشۈپ قانماي ئوينىدۇق.

بىز شۇنداق ئىلگىرىلەپ كېتىپ باراتتۇق،
ئۇچرىدى يولدىلا بىر سۈزۈك بۇلاق.
ئولتۇرۇپ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىردەم،
ئىچتۇق بىز سۈيىدىن تىنماي ئوچۇملاپ.

يۈرەكلەر سەگىدى، ھاردۇقمۇ چىقتى،
ۋە لېكىن قوزغالماي ئولتۇردۇق ئۇزاق.
ئويتاغدا بولغان شۇ جەڭلەرنى ئەسلەپ،
ئەنجانباي ھەققىدە مۇڭداشتۇق ئۇزاق.

ماڭدۇق بىز ئاخىرى ئۈيتاغقا قاراپ،
يان يولدىن چىقتى بىر ئوتتۇنچى بوۋاي.
بىز سالام قىلدۇق ئۇ ياشانغان چالغا،
هال - ئەھۋال سورىدى ئۇمۇ خۇش چىراي.

سۆرىتىپ ئېتىنغا قارىغاي شېخىنى،
ماڭدى ئۇ بىز بىلەن شوخ پاراڭ سېلىپ.
ئۆزىمۇ قىزىقچى، سۆزمەن ئادەمكەن،
تۇرار ھەم چېھرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ.

يېشىمۇ هالقىغان يەتمىش بەشلىدىن،
تۇرۇپتۇ ئۇ شۇنداق ساغلام ھەم تىمەن.
ئالار ئۇ قەدەمنى شۇنچە مەردانە،
يوق هەرگىز قېرىلىقتىن جىسمىدا ئۆەن.

ئاسانلا تونۇشۇپ سىردىشىپ قالدۇق،
ئۇ شۇنداق ئادەمكەن ھۆرمەتكە لايىق.
ئەنجانباي جېڭگە پىدائىي بولغان،
هۆرلۈككە پەرۋانە، يۇرتىغا سادىق.

سوئالغا كۆمۈپلا كەتتۇق بوۋاينى،
ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ سۆزلىدى باشتىن.
بۇزۇلدى كۆڭلىمىز ئۆكۈنۈش ئىچرە،
ئۈنىڭكى كۆزىدىن ئەگىگەن ياشتىن.

## ئوتتۇنچى بوۋاي ھېكايىسى

«سۆزلىسەم بۇ بەكمۇ ئۇزاق بىر تارىخ،
سىلەرمۇ بۇ ھەقتە ئاڭلىغان بەلكىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ۋە لېكىن كۆرمىگەن يۇرتىمىزنىكى،
جەڭ بولغان ئويتاغنى، چەشتاغنى لېكىن.

قاراڭلار، تۇرغىنى ئالدىمىزدىلا—
ئەنجانباي جەڭ قىلغان مۇقەددەس چەشتاغ.
ئەنە ئۇ تۇماندەك كۆرۈنگەن قارا،
جەڭلەرنىڭ شاھىتى قەدىمىي ئويتاغ.

قولىدا كۆرسىتىپ يولىدىن توختاپ،
جەڭ بولغان جايلارنى سۆزلەيتتى بىر-بىر.
ھەر قېتىم ئەنجانباي نامىنى تىلغا
ئالغاندا تىترەيتتى ساقىلى دىر-دىر.

ئەنجانباي باھادىر سەركەردە ئىدى،
بەستىمۇ ھەقىقىي پالۋانلارغا خاس.
ئۇ شۇنداق كېلىشكەن، قەددى - قامەتلىك،
سادىردەك ئوت يۈرەك ئارسلانلارغا خاس.

ئۇنىڭكى ھەيۋەتلىك نەرىلىرىدىن
لەرزىگە كېلەتتى بارچە تاغ - دالا.
دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىپ ھەتتا،
قىراتنى قىلماستىن ھېچ سۇلھى-سالا.

لاغىلداپ تىترەيتتى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ
ئات بىلەن كەلگىنىنى قالسا گەر كۆرۈپ:
‹ئۇرە چاپ، قىر بۇ نىجىس ئەبلەخلەرنى› دەپ،
جىنىنى ئالاتتى، قوغلاپ ھەم سۈرۈپ.

بىز ھەيران قالاتتۇق ئۇنىڭ جەڭلەردە
زۇلپىقار ئىشلىتىش ماھارىتىگە.
قۇشقاچنىڭ بويىنىنى يۇلغاندەك ھەتتا،
دۈشمەننى قىرغان شۇ كارامىتىگە.

ئۇ شۇنداق باھادىر مەردانە ئەرتى،
ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە قەلبى تەلپۈنگەن.
زۇلمەتكە ئوت ئىچىپ ئويغىتىپ ئەلنى،
ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ غېمىنى يېگەن.

شۇڭلاشقا ئوپال ھەم ئويتاغنىڭ خەلقى
كۆرەتتى ئۇنى بىر خىرىزدەك گويا.
ئۇلۇغلاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ،
قىلغانتى كۆزىگە ھەتتا تۇتىيا.

ئەپسۇسكى، بىر قېتىم قورشاۋدا قېلىپ،
تىغمۇتىغ ئېلىشىپ بولدى ئۇ قۇربان.
شۇ جەڭدە مەن بىلەن يەنە بىر ئەسكەر
قالغانتۇق پەقەتلا ئىككىمىز ئامان.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىن
ئۆزىنى تۇتالماي كەتتى بۇقۇلداپ.
ئازاب ھەم خورلۇقتىن مۇڭلىنىپ قەلبى،
كۆز يېشى قىلدى ئۇ سۆزىدىن توختاپ.

بىز بېرىپ ئۇنىڭغا تەسكىن - تەسەللى،
مىڭ تەستە كۆڭلىنى تاپقۇزدۇق ئارام.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىزنىڭمۇ يۈرەكلەر كەتتى ئېرىلىپ،
ئۇ يەنە سۆزىنى ئەيلىدى داۋام.

بولمىسا بىز ئۇنداق قىرغىنچىلىقتا
كەتمەيتتۇق ئەمەسمۇ تۈيۈقسىز ئۇچراپ.
ئەپسۇسكى، بىر مەلئۇن ھىيلە ئىشلىتىپ،
ئەپ كەپتۇ دۈشمەننىڭ قېشىغا باشلاپ.

بىلمىدۇق دۈشمەنلەر تاغنىڭ باغرىدا—
ياتقانكەن، بىردىنلا كەلدى ئېتىلىپ.
شىر كەبى ئېلىشقان بولساقمۇ ھەتتا،
دەرىخا… ئاخىرى كەتتۇق قىرىلىپ.

بار - يوقى ئۈچ ئادەم قالغاندا تىرىك،
ئەنجانباي چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى.
ئامالسىز چېكىندۇق دەريا تەرەپكە،
ئۇ ئۆزمەي دۈشمەنگە ئوق ئېتىۋەردى.

بىز كېتىپ شتابتىن ئەسكەرلەر باشلاپ
كەلگەندە دۈشمەنلەر بولۇپتۇ غايىپ.
تاغ باغرى ھەم دەريا ساھىللىرىغا
دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ جەسەت ئاجايىپ.

جەسەتلەر ئىچىدە شۇنداق بىر جەسەت
چېلىقتى كۆزلەرگە، قالدۇق بىز ھەيران.
ئۇ بىزنىڭ ئەنجانباي كوماندىرىمىز،
بىز باردۇق مەرھۇمنىڭ يېنىغا شۇئان.

دەرىخا، مەرھۇمنىڭ بېشىنى تەندىن،
رەھىمسىز يىرتقۇچلار ئەيلەپتۇ جۇدا.
يۈرەككە، مۇرىگە تېگىپتۇ ئوقمۇ،
بىز يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ دېدۇق〈ئەلۋىدا〉.

ئەلەم ۋە ھەسرەتتە جەسەتنى ئاخىر
مەرھۇمنىڭ يۇرتىغا قىلىشتۇق دەپنە.
〈بىز قىساس ئالغاندا روھىڭىز بەلكىم
خۇرسەن بوپ شۇندىلا تاپقۇسى ئەمىن〉.

دېيىشىپ شۇلارنى ياندۇق كېچىلەپ
ئەتىسى شتابقا ئۇندۇق تاڭ سەھەر.
شېھىتلەر سېيماسى بولغاندەك ئايان،
يۈرەكلەر مۇڭلاندى تىترەپ شۇ قەدەر».

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەجەب،
تۇيماستىن مەنزىلگە كېلىپلا قاپتۇق.
بوۋايمۇ تۇگەتتى ھېكايىسىنى،
خوشلىشىپ بىز ئۇنىڭ قولىنى قىستۇق.

يىراق يول كۆزگىمۇ كۆرۈنمىدى ھېچ،
بولمىدى چارچاشتىن قىلچىلىك ئەسەر.
بوۋايغا يىراقتىن قارايمىز تويماي،
كۆرۈندى ئۇ بىزگە ئۇلۇغ مۆتىۋەر.

## خاتىمە

ئۇيتاغ مەن سېنىڭكى سۆرەتلىرىڭنى
بۇ چولتا تىل بىلەن ئەيلىدىم بايان.

تۇگمەس تەرىپىڭ بۇناڭ بىلەن ھېچ،
يازسامۇ قانچىلاپ غەزەل ۋە داستان.

قوبۇل قىل يازغىنىم بولسىمۇ ئاددىي،
بۇ قەلبىم سوۋغىسى — ئوتلۇق مۇھەببەت.
سېزەتتىم ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك،
بولسىلا بۇ بىر خال ھۆسنۈڭگە پەقەت.

1991- يىلى ئويتاغ



[General Information]
书名=爱的音符　维吾尔文
SS号=40229167